# مۇستاپا كامالنىڭ سىرى

مۇستاپا كامال ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ سالونىيك(ھازىر گىرىتسىيەگە قارايدۇ (شەھىرىدە ـ 1881 يىلى تۇغۇلدۇ .بۇ شەھەر يەھۇدىلار، گىرىتسىيەلىكلەر ۋە بۇلغارلىقلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بىر شەھەر بولۇپ، بۇ تائىفىلەر ئىسلامغا ئۆچ ۋە ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ يىقىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ...مۇستاپا كامال ئىسلامنى ۋە خەلىپىلىكنى يامان كۆرىدىغان مۇشۇ مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئىچ ـ ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ.

ئەنگىلىيەلىك يازغۇچى"ھ، س، ئارمىسترونج"غۇۋا بۆرە "ناملىق كىتاۋىدا":مۇستاپا كامالنىڭ بوۋىلىرى ئىسپانىيەدىن سالونىيك شەھىرىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان يەھۇدىلار بولۇپ، بۇلار دونما يەھۇدىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلار ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى داۋا قىلغان "دەپ يازىدۇ.

بۇ ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئادەمنى ھەيرانغا سالىدىغان بىر تەرىپى شۇكى، راھىبلار مۇستاپا كامالنى بوۋاق ۋاقتىدا سالونىيك شەھىرىدىكى بىر چىركاۋدىن تاشلاندۇق ھالەتتە تېپىۋالىدۇ .راھىبلار ئۇنى تەربىيلەپ چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا فىرانسىيە تىلىنى ئۆگىتىدۇ، ئۇ ئۇ تىلنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، راھىبلار ئۇنىڭ ئىنقىلاب مايىلچانلىقىنى غىزالاندۇرۇپ تۇرىدىغان ۋە ئىدىيە قۇرۇلمىسىنى يۇزلەندۇرۇپ تۇرىدىغان چەتئەل كىتابلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ .شۇڭا ئۇ غەرب ئىدىيىسى ۋە غەرب مۇتەپەككۇرلىرىگە قىزىقىپ قالىدۇ ۋە ئۇلارنى دوراشنى ئارزۇ قىلىدۇ .شۇ سەۋەبلىك ئوسمانىيە ئىسلام دۆلىتىنى يامان كۆرىدۇ ۋە ئۇنى يوقۇتۇش ئويىنى قىلىپ يۈرىدۇ.

مۇشۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى ئۇنى ھەقسىز تەلىم بېرىدىغان ھەربى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ئۇ ئوقۇشتا نەتىجە قازىنىپ ئوفىتسېرلار سېپىغا كىرىدۇ ـ 1905...يىلى مۇستاپا كامال ھەربىلەرنىڭ مۇشاۋۇرى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا مەنسەپ ئۆسۈش يولى ئېچىلىدۇ ۋە ئارزۇلىرىنى رئاللىققا چىقىرىش پۇرستى كۆنسىرى ئاشىدۇ .ئۇ ھەربى مەسلىھەتچىلەر پاكولتىتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا"ئىنقىلاۋى ۋەتەن "تەشكىلاتىغا ئەزا بولىدۇ، بۇ تەشكىلات خەلىپىلىك تۈزۈمىنى يىقىتىشنى پىلانلاۋاتقان ئىدى، لېكىن بۇلارنىڭ ئىشلىرى پاش بولۇپ قولغا ئېلىنىدۇ، مۇشۇ قاتاردا مۇستاپا كامال تۈرمىگە تاشلىنىپ، بىر مۇددەتتىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن غەربنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا خىزمەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ماسۇنىي يەھۇدىلارنىڭ"ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات "جەمىيتىگە ئەزا بولىدۇ .ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات جەمىيتى سۇلتان ئابدۇلھەمىدگە قارشى مەقدۇنىيادا ئىنقىلاب ئوتىنى ئۇلغايتىدۇ، سۇلتان ئابدۇلھەمىد ئۇلارنىڭ تەلۋىنى ئاڭلاپ بېقىشقا قوشۇلغاندا، ئىنقىلاپ داھىلىرىنىڭ شەرىپى تېخمۇ ئۆسىدۇ . مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىستانبولدا خەلق ئىنقىلاۋى قوزغىلىپ، ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات داھىلىرىنى ئېيپلايدۇ ۋە سۇلتانغا قارشى تۈرۈشنى تەنقىد قىلىدۇ . دەل مۇشۇ يەردە ھەربىلەرـ ماسۇنىيە ئەزالىرى قوماندان دەرجىسىگە يېتىپ قالغان ـ خەلق قوزغىلىڭىنى كۈچكە تايىنىپ باستۇرىدۇ .خەلق قوزغىلىڭىنى پەسەيتىپ، سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ تاغىسىنىڭ بالىسى ئابدۇلمەجىدنى قورچاق خەلىپە ئورنىدا تىكلەپ قويىدۇ، ئەمەلى سىياسى ھوقۇق ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات

پارتىيىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

1909 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد مەنسىپىدىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوسمانىيە دۆلىتى خەتەرلىك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ .ئىسلام بىرلىكى، ئىسلام خەلىپىلىگى ۋە ئىسلامغا زىت ھەر ئېقىملارغا يول كەڭرى ئېچىلىپ كېتىدۇ .خىرىستىيانلاشتۇرۇش ئۆمەكلىرى ۋە ماسونىيە تەشكىلاتلىرى تەشۋىقات ئارقىلىق خەلق ئېڭىنى ئىگەللىۋالىدۇ، ئوسمانىيە دۆلىتىدە 3 يەھۇدى ۋەزىر قاتناشقان ھۆكۈمەت شەكىللىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن پەلەستىنگە يول ئېچىلىدۇ، زېمىن ۋە ئۆي بىدىكلىرى تولۇق ئەركىنلىك ئىچىدە زېمىن سېتىش ھەركىتىنى ئېلىپ بارىدۇ .يەھۇدىلار، دونما ۋە ماسونلار بىدىكلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۆلارنى كۆچەيتىپ تۇرىدۇ.

يەھۇدىلارنىڭ"ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات "جەمىيىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىدە بىرمۇ تۈرك تېپىلمايدىغانلىقى ئادەمنى ھەيرانلىقتا سالىدۇ، بۇ جەمىيەت تۇران مىللەتچىلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ، تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدۇ.

ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى بىر مەزگىللەردە ئوسمانىيە دۆلىتىنى بىر قانچە تەرەپتىن غەربلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بارىدۇ :

1.ئەنگىلىيەگە تولۇق تەسلىم بولىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

2.تارابلىس)لىۋىيە (شەھىرىنى ئىتالىيەگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

3.يەھۇدىلارنىڭ پەلەستىنگە ھجرەت قىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

4.ئەسەبى مىللەتچىلىكنى قوزغاپ چىقىپ، ئەرەب ۋە تۈركلەرنىڭ بىرلىششىگە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

5.ئوسمانىيە دۆلىتىگە تەۋە رايونلاردىكى ئەرەبلەرنى تۈركلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

6.تۇران ئىمپېرىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ ۋە تۈرك جىنسىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۈستۈن جىنس دەپ تونۇشتۇرىدۇ.

مانا بۇ ئىشلار بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى 10 يىلىدا يۈز بېرىدۇ . بۇ ئون يىلدا بولغان بۇ ئىشلار، غەربلاشتۇرۇش پىلانىنىڭ دەسلەپكى يۈزى ئىدى.مۇستاپا كامال رەئىس بولغاندىن كېيىن بۇ پىلانلارنى ئۆز ئەينى ئىجرا قىلىدۇ.

1914 ـ يىلى تۈركىيە گېرمانىيە بىلەن بىرلىشىپ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا كىرىدۇ، ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ گېرمانلار سېپىگە قوشۇلۇپ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىشى ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ ئىشى ئىدى)چۈنكى سۇلتان ئابدۇلھەمىد پالانغان، قورچاق خەلىپىدە سىياسى ھوقۇق يوق، پۈتۈن ھوقۇق مۇشۇ قارانىيەت پارتىيەنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالغان .( ئوسمانلارنىڭ بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى تۈپتىن خاتا ئىدى، باشقىلارنىڭ ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ تۈگەتكىنى ئەڭ چوڭ خاتالىق .تەرەپ تەرەپتىن دۈشمەنلەر پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىۋاتسا تۈركىيەگە نېمە پايدا بولسۇن ! بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ـ غەربنىڭ ئىچكى توقۇنۇشى بولۇپ، ئىسلام مەسىلىسى ئەمەس ئىدى ـ ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلىشىدۇ، خەلىپىلىك دۆلىتى تەقسىم قىلىنىشقا باشلايدۇ .ئۇرۇش ئارىلىقىدا مۇستاپا كامالنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسۈپ، ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللى قەھرىمان بولۇپ كۆرۈنىدۇ. مۇستاپا كامال ـ 1919 يىلى ئىنگلىزلار ھىمايىسى ئاستىدا ئىنقىلاۋىنى باشلايدۇ، بەزى بىر پىكىر) ئىدىيە (ئىگىلىرى ۋە ياش رەھبەرلەر ئۇنىڭغا

خەلىپىلىككە چىقلماسلىق شەرتى بىلەن قوشۇلدۇ .يۇنان) گىرتسىيە(غا قارشى ئۇرۇش بىر يېرىم يىل داۋام قىلدۇ، مۇستاپا كامال شۇ ئارىلىقتا ئىسلام شوئارىنى ئىشقا سالدۇ ۋە قورئاننى كۆتۈرۈالدۇ .ئىنگىلىزلار بۇ ئىنقىلابنىڭ نەتىجە قازىنىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالدۇ، 1921 ـ يىلى كامال بىلەن گىرتسىيەلىكلەر ئارىسىدا ئۇرۇش قايتا باشلانغاندا، گىرتسىيە تۈركىيەنىڭ ئىزمىر شەھىرىدىن ئۆزلىكىدىن چىكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ، مۇستاپا كامال بىر پاي ئوق ئاتماي شەھەرگە كىرىدۇ .غەرب تەشۋىقاتلىرى مۇستاپا كامالنىڭ بۇ خىيالى غەلبىسنى ناھايىتى زورايتىپ تەسۋىرلەيدۇ، مۇسۇلمانلار بۇ يالغان غەلبىگە ئىشنىپ قالدۇ، خەلىپىلىكنى جانلاندۇرۇشتا ئۇنىڭغا ئارزۇ ئارمانلىرىنى باغلىشىدۇ.

مۇستاپا كامال ئەنقەرەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۈيۈك ۋەتەن مەجلىسى)پارلامىنت (ئۇنىڭغا غازى دېگەن ئۇنۋاننى بېرىدۇ .بۇ ئۇنۋان ئادەتتە سۇلتان ئاھالىسىدىكىلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان ئىدى .شۇنىڭ بىلەن ئابرويى تېخىمۇ ئۆسىدۇ، تۈرلۈك ئىسلام ئەللىرىدىن ئۇنىڭغا تەبرىك تىلگىراملىرى كېلىشكە باشلايدۇ، شۇ چاغلاردا ئىسلام دۇنياسى مۇستاپا كامالنىڭ ئىنقىلاۋى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرىدۇ.

بۈيۈك ۋەتەن مەجلىسى بۇ غەلبىدىن كېيىن مۇستاپا كامالنى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇق رەئىسى) باش باكان (قىلىپ تەيىنلەيدۇ.كامال 1921 ـ يىلى ۋەكىلى"ئىسمەت باشانى "ئەنگىلىيەگە تۈركىيەنىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ .ئەنگىلىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لورد كىيزون تۈركىيەنىڭ مۇستەقىللىقىغا مۇنداق شەرتلەرنى قويىدۇ":تۈركىيە ئىسلام دۇنياسى بىلەن ئالاقىسنى ئۈزىدۇ، ئىسلام خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن

قالدۇرىدۇ، خىلاپەت قوللىغۇچىلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەر قانداق ھەرىكەتنى باستۇرۇشقا ۋەدە بېرىدۇ ۋە تۈركىيە غەرب دۇستۇرى)قانۇنى(نى قانۇن قىلىشقا تاللايدۇ"

كامال ئەنگىلىيەنىڭ يولىيۇرۇقىنى ئىجرا قىلىدۇ، تۈركىيەگە شۋىتسارىيەنىڭ مەدەنى قانۇنىنى تاللايدۇ ـ 1922 .يىلى سەلتەنەتنى بىكار قىلىپ، ئۇنى خىلاپەتلىكتىن ئايرىپ تاشلايدۇ .شۇ سەۋەبتىن قورچاق خەلىپە ماددى ۋە مەنىۋى ھوقۇقىنى ئىشقا سېلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ .مۇستاپا كامال ئىلمانىزم كۆز قاراشلارنى باشقىلار قارشى چىقسىمۇ كۈچكە تايىنىپ يولغا قويىدۇ .قارشى تۇرغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ .مېنىستىر كىرزىسى يۈز بەگەندە ئومۇمى ۋەتەن مەجلىسى ھۆكۈمەت تەشكىللەش خىزمىتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ .ئۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ـ 1923 يىلى ـ 10 ئاينىڭ ـ 29 كۈنى ئۆزىنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى قىلىۋالىدۇ ۋە پۈتۈن ھوقۇقلارنى قولىغا كىرگۈزىۋالىدۇ.

مۇستاپا كامال ـ 1924 يىلى ـ 3 ئاينىڭ ـ 3 كۈنى نىجىس نىيەتلىرىنى ۋە يامان غەرەزلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئىسلام خەلىپىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ تاشلىغانلىقىنى ئىلان قىلىدۇ، خەلىپىنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ شەھەردىن پالايدۇ، دىننى دۆلەتتىن ئايرىپ تاشلايدۇ ۋە خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز دېگۈچىلەرگە ئۆلۈم جازاسىنى چىقىرىدۇ).دېڭىزغا تاشلىۋەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى دەل سىياسى نوقتىدىن مۇستاپا كامالغا قارشى تۇرغان ئالىملار ۋە سىياسى ئەربابلار ئىدى.(

شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدە دىنى مائارىپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، غەرب مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ ـ 1925 .يىلى تۈركىيەنى ئىسلامدىن پۈتۈن

ئاجراشتۇرىدۇ، خانىملارنىڭ ھىجابنى ئېلىۋېتىشى ئۈچۈن ئالاھىدە قانۇن چىقىرىپ، ئىجرا قىلىش ئىشلىرىغا مەخسۇس ئۆزى نازارەتچى بولىدۇ، قارشى تۇرغانلارنى جازالايدۇ، قارشى تۇرغانلارنى دارغا ئاسىدۇ، ساقچىلار يولدا ھىجابلىق ئاياللارنى كۆرۈپ قالسا ھىجابىنى مەجبۇرى ئېلىپ تاشلايدۇ.

خەلىپىلىك چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، تۈركىيەنى ئىسلام دۇنياسىدىن ئايرىيدىغان بۇ قىلمىشلارنى مۇسۇلمانلار قوبۇل قىلماي، زور كۆلەمدە نامايىش ئېلىپ بارىدۇ، لېكىن كۈچ بولمىغاچقا ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

ھىجاز زېمىنىنىڭ ھاكىمى"ھۈسەين بىن ئەلى "ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى قىلىپ تىكلەشكە ئۇرۇنغاندا، ئىنگلىزلار ئۇنى قەبرىس)سىپروس(گە سولاپ قويىدۇ، شۇنداقلا ئىنگلىزلار قاھىرەدىكى خەلىپىنى قايتا تۇرغۇزۇش قۇرۇلتىيىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە ھىندىستاندىكى خىلاپەت جەمىيتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدۇ.

غەرب مۇستەملىكىسى رەسۇلۇللاھ دەۋرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن خەلىپىلىك تۈزۈمىنى مانا مۇشۇ ئۇسۇللار بىلەن يوقۇتۇپ تاشلايدۇ...

مۇستاپا كامال شىلەپە كېيىپ، تۈركىيەنى كىزىپ چىقىدۇ، بىر ئادەمنىڭ تەربۇش)تۈركلەرنىڭ باشقا كىيىدىغان دوپپىسى(نى كۆرۈپ قالسا چېچىلىپ كېتىدۇ .ئۇ بىر قېتىم مىسىرنىڭ ئەنقەرەدىكى كونسۇلى بىلەن دوپپا توغرىسىدا خاپىلىشىپ قېلىپ":پادىشاھىڭغا ئېيت، مەن بۇ خىل كىيىمنى ياقتۇرمايمەن"دەيدۇ.

ئۇ ئەرەب تىلى، ئىككى ھېيت بايرىمى، ئەرەبچە ئەزاننى بىكار قىلىپ تاشلايدۇ، مەسجىدنى مۇزېخانىغا ئايلاندۇرىدۇ، مەسجىد تاملىرىدىكى ئايەتلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ ـ 1926.يىلى شەرئى نىكاھ قانۇنىنى

ئەمەلدىن قالدۇرۇپ غەرب تۈزۈمىنى يولغا قويدۇ.

دىمەك، ئۇ مەلئۇن تۈركىيەنىڭ ئىسلام بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈن ئۈزۈپ تاشلايدۇ ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى پۈتۈن سۆرەپ كىرىدۇ. ئۇ بىر قېتىم جىرىس ئالىيسۇن دېگەن مۇخبىر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ مۇخبىرغا":سەن دىن توغۇرلۇق سۆزلەۋاتىسەن، بىلىپ قويغىنكى، مەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايمەن، دىن دېگەننىڭ ھەممىسىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتسەم دەيمەن"دېگەن.

ماسونىيە مائارىپ ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ ـ 162 بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن":مۇستاپا كامال ئېلىپ بارغان ئىنقىلاب ماسونىلارغا كۆپ پايدا يەتكۈزدى، چۈنكى ئۇ ئىسلام سەلتەنەتىنى يوقاتتى، خىلاپەتلىكنى ئەمەلدىن قالدۇردى، شەرئى مەھكىمىلەرنى تاقىدى ۋە ئىسلام دىنىنى ھاياتتىن يىراقلاشتۇردى"

ئۇ مەلئۇن غەربنى دورىماقچى بولۇپ خىلاپەتلىكنى يوقاتتى، لېكىن مىراس ۋە ئەنئەنىۋىلىكنى تاشلاپ غەربنى دوراش تۈركىيەگە ياكى باشقا ئىسلام ئەللىرىگە تەرەققىيات ئېلىپ كەلمىدى ۋە كەلمەيدۇ.تۈركىيە ھازىرغىچە ياۋرۇپا ئەللىرىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن تۈركىيە دۆلىتى قەدىمى شەرىپىنى يوقاتتى ۋە يېڭى شەرەپ يارىتالمىدى .تۈركىيە ھازىر50مىليارت دوللارغا يېقىن قەرزدىن قۇتۇلالماي يۈرۈيدۇ.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە ـ 1950 يىلىنىڭ مابەينىدە 60 قا يېقىن ھۆكۈمەت ئالمىشىپ بولدى، يىلىغا بىردىن دېگىدەك ھۆكۈمەت ئالمىشىپ تۇرىدۇ .بۇ تۈركىيەنىڭ مۇقىم ۋە خاتىرجەم شارائىتقا ئېرىشىپ قالسا گۈللىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بولىۋاتقان ئىشلار.سابىق جۇمھۇرىيەت رەئىسى سۇلايمان دىمىرىل":تۈركىيەدە دۆلەتنىڭ ئارقىسىدا مەخپى دۆلەت بار "دېگەن ئىدى .شۇڭا

ئىسلام ئىدىيىسى بار كىشلەر ھۆكۈمەت بېشىغا چىقىپ قالسا ئىلمانىزم كۈچلىرى ۋە تەرەپدارلىرى بولغان ھەربىلەر ھەربى ئىنقىلاپ قوزغاپ ھۆكۈمەتنى يىقىتىپ تاشلايدۇ )...پروفېسور ئىنژېنىر ۋە سىياسىيۇن نەجمىدىن ئەربەكاننىڭ ھۆكۈمىتىنى ـ 97 يىلى ھەربى ئىنقىلاپ يىقىتىۋەتتى.(

بۇ ئەمەلىيەت، شۇڭا تۈركىيە ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى جەھەتتىن مۇقىم ئەمەس، ھەم مۇقىم قويمايدۇ .چۈنكى دىن دۈشمەنلىرى خەلقىنىڭ يەنىلا دىندا مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قايتا خەلىپىلىكنىڭ تۈركىيەدە تىكلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ .تۈركىيە خەلقى ئىسلام مەدەنىيىتىگە تەۋە مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ياۋرۇپا بىرلەشمىسىگە كىرەلمەيدۇ .تۈركىيە غەربىنىڭ قۇرقىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ، بىراق بۇ ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس...

خۇلاسە

بۇ تەتقىقاتلار مۇستاپا كامالنىڭ ماسۇنىيە تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ ئىخلاسمەن كىشلىرىنىڭ بىرسى ئىكەنلىگىنى، ئۇنىڭ دونما يەھۇدىلىرىنىڭ پۇشتى ئىكەنلىگىنى ۋە ئۇرۇشلاردا يالغان تونغا ئورنىۋالغانلىقىنى كەسكىن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

*مۇستاپا كامال ياۋرۇپالىق ۋە گىرتسىيەلىكلەرگە قارىشى ئېلىپ بارغان جەڭنىڭ قوماندانى ئەمەس، ئۇ ئارمىيەنى تۇتۇپ تۇرغان ۋە بۇ جەڭنى باشلىغان قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئىشلەتكەن.

*مۇستاپا كامال ئەنگىلىيە بىلەن ئېلىپ بېرىلغان شەرتنامىغا قول قويغاندىن

كېيىن، ياۋرۇپا مۇستاپا كامالغا تۈركىيەنىڭ ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن .لېكىن باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىدىن چىقىپ كەتمىگەن.

*مۇستاپا كامالغا نىسبەت بېرىلگەن ۋە زورايتىلىپ تەسۋىرلەنگەن بۇ قەھرىمانلىق، مۇستەملىكە كۈچلىرىنىڭ ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنى جانلاندۇرۇش، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش ۋە ئۇنى رەئىس قىلىپ تىكلەش ھىلىسى ئىدى.

*ئوسمانىيە دۆلتى يوقۇلۇپ ۋە ئىسلام خەلىپىلىگى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەرەب ۋە تۈرك بىرلىكى پارچىلىنىپ، ئاندىن يەھۇدىلارغا پەلەستىنگە يول چىقتى.

*مۇستاپا كامال تۈركىيەنى ئىلمانىزملىششقا قاتتىق ئىتتىردى، ئىسلام قانۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، مۇسۇلمانلارنى بەك ئەزدى، ئۇنىڭ ئىلمانىزم قاراشلىرىغا قارىشى تۇرغان خېلى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈردى.

*مۇستاپا كامال ئېلىپ بارغان ئىلمانىزم ھەركىتىنى 10 يىلغا يەتمىگەن بىر قانچە يىل ئىچىدە كۈچ ۋە قورقۇتۇشقا تايىنىپ يۈرگۈزدى، غەرب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ھمايىسى ئاستىدا ئېلىپ باردى، مۇستاپا كامال بىلەن غەرب ئارىسىدا ۋاستىچىلىق رولىنى ئوينىغان كىشى تۈركىيەلىك" ھاييىم ناھۇم " دېگەن يەھۇدى يوپ ئىدى.

*تۈركىيەلىك ئوفتىسېرلارنىڭ بىرسى مۇستاپا كامال توغرىسىدا" بۆت ئادەم"ناملىق2 قىسىم كىتاۋنى يېزىپ ئۇنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىدى .ئەنگىلىيەلىك يازغۇچى ئارمىسترونج" غۇۋا بۆرە "ناملىق كىتاۋىدا مۇستاپا كامال ھەققىدە توختىلىپ":ئۇ ھەر كىچىسى تاڭ ئاتقىچە قەھۋەخانىلاردا ھاراق ئىچەتتى، بارلىق رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسنى قىلاتتى، رەزىللىكتە

قۇلىقىغىچە پاتقان ئىدى .ئۇ هاراق ۋە پاھىشىدىن قالمايتتى"دەپ يازىدۇ .

*ئىسلام خەلىپىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ تاشلاش يۈزەكى بىر ئىش بولماستىن، روس، ئىنگىلىز ۋە ياۋروپانىڭ پىلانلاپ بەرگەن ئىنچىكە پىلانى بىلەن بولغان . شۇڭا 1909 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى ئېلىپ تاشلىغاندا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇلھەمىدنىڭ تاغىسىنىڭ كىچىك بالىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى .بولمىسا 1909 ـ يىلى خەلىپىنى سۈرگۈن قىلىپ بولغان ۋە پۈتۈن هوقۇق كامالچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغان .سەۋەبى ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئىشنى تەدرىجى ئېلىپ بارغان، شۇنىڭغىچە مۇستاپا كامالنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن .ئۇ قانۇنلۇق ھۆكۈمەت رەئىسى بولۇپ، پۈتۈن هوقۇقنى قولىغا رەسمى كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ۋە ئىسلامنى هاياتتىن يىراقلاشتۇرغان...

*مۇستاپا كامال هوقۇقنا چىققاندىن تارتىپ، ئەنگىلىيە ۋە روسلارغا ساداقەتمەن بولۇپ كەلگەن ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرغان.

لېكىن ئىسلام مانا بۈگۈن تۈركىيە ياشلىرىنىڭ قەلبىدە ناھايىتى كۈچلۈك چوغلانماقتا ۋە گۈللەنمەكتە.

## مۇستاپا كامالنىڭ سىرى غەربنىڭ ئوسمانىيە خىلايىتىنى يىقىتىش باسقۇچى

ئاخىرقى خەلىپە سۇلتان ئابدۇلھەمىد تارىخى ئەسلىمىلىرىدە":ئاسىيادىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنى بېسىۋالغان چوڭ دۆلەتلەر، ئەنگىلىيە ۋە روسلار مەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن خەلىپىلىك قورالىدىن تىترەيدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ ئوسمانىيە دۆلىتىنى يوقۇتۇشقا بىرلىشەلىگەن"دەپ يازىدۇ.

1.دونىيا يەھۇدىلىرىنىڭ بۇ سۈيقەستىكى رولى

دونىما)ئىككى يۈزلىمە (يەھۇدىلىرى ئوسمانىيە خىلاپەت دۆلىتىگە سۇيىقەست قىلىش بايرىقىنى كۆتۈرگەن، بۇ يەھۇدىلار تۈركىيەنىڭ سالونىك)ھازىر گىرىتسىيەگە تەۋە (شەھىرىگە مەركەزلەشكەن، ئۇلار سىرتقى كۆرۈنۈشلىرىدە مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە يەھۇدى دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار .بۇ يەھۇدىلار" ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى"بايرىقى ئاستىدا سۇلتان ئابدۇلھەمىدغا قارشى ۋەھشى ھۇجۇمغا يېتەكچىلىك قىلغان .چۈنكى خەلىپە ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ 50 مىليون فونتىستىرلىڭ قەرز بەدىلىگە يەھۇدىلارغا پەلەستىننى سېتىپ بېرىشنى رەت قىلغان.

تۈرك ئوفتسىرى ھۇسامىدىن ئارتۈرۈك-1957 يىلى نەشر قىلىنغان"ئىككى دەۋر سىرلىرى "نامىلىق كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ":تېيودور ھارتىزىل ۋە يەھۇدىلارنىڭ چوڭ پوپى ئۆزى ئالاھىتەن سۇلتان ئابدۇلھەمىدتىن پەلەستىندە يەھۇدىلارغا مۇستەقىل دۆلەت تۇرغۇزۇش تەلىپىنى قويۇپ كەلدى، لېكىن سۇلتان ئابدۇلھەمىد ئۇ ئىككى يەھۇدىنى قوغلاپ چىقاردى -1890 .يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد يەھۇدىلارنى ئوسمانىيە زېمىنلىرىدا قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا ئىككى پەرمان چۈشۈردى ۋە پەلەستىندىكى يەر مۇلۇك ئىدارىسىغا پەلەستىن زېمىنلىرىنى ھىجرەت قىلىپ كەلگۈچىلەرگە ساتماسلىقنى تەكىتلىدى."

فەۋزى توغاي -1947 يىلى تۈركىيەنىڭ" بۈيۈك توغۇ "ژۇرنىلىدا"پەلەستىن ۋە يەھۇدىلار مەسىلىسى"دېگەن تېمىدا":سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ يەھۇدىلار ھەرىكىتىگە قىلغان رەددىيىسى ئۇنىڭ تاج-تەختىنىڭ ئۆرۈلىشىگە بەلكى ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ يىقىلىشىغا سەۋەب بولغان "دەپ ماقالە ئىلان قىلغان.

1909 ـ يىلى ئەنگلىيە ۋە باشقا غەرب ئەللىرىنىڭ ھىمايىسى، قوللىشى ۋە كۈشكۈرتىشى ئاستىدا ئاستىدا ماسونلار ۋە يەھۇدىلار يېتەكچىلىكىدىكى ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلات ئىنقىلابچىلىرى سۇلتان ئابدۇلھەمىدغا قارشى سۇيقەست پىلانلاپ، ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى پىلانلاشقان، ئۇنى خەلىپىلىك مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاش قارارىنى يەتكۈزۈپ قويۇشقا 4 كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئۆمەكنى ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ تۈرك ياكى ئەرەب بولمىغان .بۇ ئۆمەكنىڭ بېشىدا ئىمانويل دېگەن يەھۇدى بار ئىدى .نەتىجىدە سۇلتان ئابدۇلھەمىد يەھۇدىلار مەركەزلەشكەن سالونىيك شەھرىگە پالاندى ۋە بىر يەھۇدىنىڭ ئۆيىگە سولاپ قويۇلدى، 1918 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد ۋاپات بولدى .ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا ئىستانبول شەھرىنىڭ پۈتۈن خەلقى دېگىدەك قاتناشتى .سۇلتان ئابدۇلھەمىد يەھۇدىلارنىڭ پەلەستىنگە ھىجرەت قىلىشنى ۋە زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇشنى چەكلىگەن ئىدى.

دونما يەھۇدىلىرى 600 ئائىلىك بولۇپ، 1683 ـ يىلدىن تارتىپ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى داۋا قىلغان، لېكىن ئۇلار مەخپى يەھۇدى دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن .بۇ ھەقىقەتنى ئىسرائىلىيەنىڭ ئەسبەق باش مىنىستىرى "ئىسھاق زۇفى " 1957 ـ يىلى نەشر قىلىنغان"دونما "نامىلىق كىتاۋىدا ئېنىق ئېتىراپ قىلغان . ئۇ":خەلىپىلىك مەركىزىدە ئۆزىنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بىر قىسمى ھېساپلايدىغان مۇھىم تائىفە بار .ئۇلار دونما يەھۇدىلىرى بولۇپ، سىرتقى كۆرنۈشىدە مۇسۇلمان،لېكىن ئۇلار مەخپى يەھۇدىلارنىڭ دىنى پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلايدۇ"دېگەن.

ئەمىر شەكىب ئارسلان دونما يەھۇدىلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ":ئۇلار پەقەت ئىسمىدا مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار زىندىق يەھۇدىلار تائىفىسى، تۈركلەر

ئۇلارنى دونما)يەنى ئىككى يۈزلىمە (دەپ ئاتايدۇ .ئۇلار سىرتقى كۆرۈنۈشلىرىدە ناھايىتى تەقۋا ۋە ياخشى كۆرۈنىدىغان ئىدى، ئەسكىلىكلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن مەسجىدلەرگە كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ئىسلامنى يالغاندىن قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ھاكىملىققا كۆز تىككەنلىگى ئۈچۈن ھوقۇق بېشىغا چىقىۋالالىغان."

فىرانسىيەلىك خرىستيان"بائىر ھىيس"نىڭ" ئىسرائىل جۇمھۇرىيىتى"ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دېيىلگەن":دونما يالغاندىن مۇسۇلمان بولغان يەھۇدىلار، ئۇلارنىڭ سانى خېلى كۆپ، دانۇپ رايۇنىنىڭ ھاكىمى مىدھەت باشا ئۇلاردىن، ئۇ مەجەر)گوللاندىيەنىڭ پايتەختى(لىق يەھۇدى پوپنىڭ بالىسى . ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات رەھبەرلىرىنىڭ تولىسى دونما يەھۇدىلىرىدىن .ئۇلار دۆلەتتىكى ئىقتىسادى ئىشلارنى قولىغا چۈشۈرۋالغان، شۇنداقلا ئەسكەر ۋە ئىدارە ئىشلىرىنى كونترول قىلىۋالغان ۋە بەزىلىرى بەك يوقىرى مەنسەپلەرگە يەتكەن."

*دونما يەھۇدىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى:

ياۋرۇپادىكى تەپتىش مەھكىمىسى دەۋرىدە يەھۇدىلار ياۋرۇپادا بولۇپمۇ ئىسپانىيەدە ئىزىلىشقا ئۇچرىغان، ئۇلار ئوسمانىيە دۆلىتىدىن باشقا پاناھلىنىدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان ئورۇن تاپالمىغان .بۇ يەھۇدىلار مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى بىلگەچكە مىلادىيە ـ 1626 يىلى ئوسمانىيە دۆلىتىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان .ئۇلارنىڭ قاتارىدا موردىخاي دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ"ساباتاي "دېگەن بالىسى ئىزمىر شەھرىدە تۇغۇلغان، مىلادىيە ـ 1648يىلى ساباتاي ئۆزىنى"كۈتۈلىۋاتقان مەسىھ "دەپ داۋا قىلغان .ئۇ مىلادىيە ـ 1666يىلى پەلەستىننى زىيارەت قىلىپ، قۇددۇس يەھۇدىلىرى بىلەن تونۇشۇپ

تۈركىيەنىڭ ئىزمىر شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ شۆھرىتى داڭ كەتكەن.

ئوسمانىيە سۇلتانلىقى ئۇنىڭغا"پەلەستىندە يەھۇدى دۆلىتى قۇرۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ"دەپ ئۇنى قولغا ئالىدۇ ۋە بۇ تۆھمەتتە شەيخۇل ئىسلام ئەزالىقىدىكى ئىلمى كومىتىتى ئۇنى سوراق قىلىدۇ .ساباتاي بۇ داۋانى ئىنكار قىلىپ، مۇسۇلمان بولغانلىقنى جاكارلايدۇ، مۇھەممەد بەۋۋاب دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇ خىلاپەت قەسرىدە كۆزەتچىلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن .ساباتاي ئوسمانىيە سۇلتانىدىن:مېنى قويۇپ بەرسەڭلار، مەن يەھۇدىلارغا ئىسلامنى دەۋەت قىلسام دەپ تەلەپ قىلغاندا، سۇلتان ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئۇ يەھۇدىلار ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ"سىرتقى كۆرۈنىشىدە مۇسۇلمان، يەھۇدى دىنىدا يوشۇرۇن تۇرۇۋېرىشىنى "تەشەببۇس قىلىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تۈركلەر ساباتاينىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە دونما-يەنى سرتىدىن مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە يەھۇدى -دېگەن لەقەمنى بېرىدۇ .

ساباتاي دەۋىتىنىڭ ئاساسلىرىنى مۇنداق بايان قىلغان":تۈرك-ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى بوياش ئۈچۈن -مۇسۇلمانلىرىغا ماسلىشىش، رامىزان ياكى قوربانلىق ۋاقتى كەلسە ئىچى سىقىلماسلىق كېرەك .ئىسلامنىڭ بارلىق دىنى كۆرۈنۈشلىرىگە ماسلىشىش لازىم، لېكىن ئۇلار بىلەن توي قىلماسلىق كېرەك"...

ئوسمانلار بىخەتەرلىك ئىدارىسى، ساباتاينىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن يەھۇدى دىنىنىڭ مۇراسىم ۋە پائالىيەتلىرىنى تۇرغۇزغانلىق دوكلاتىغا ئاساسەن ئۇنى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئالبانىيەگە يۆتكىۋېتىدۇ .ئۇ ئۇ يەردە-1675 يىلى ۋاپات بولىدۇ .لېكىن ساباتاينىڭ دەۋىتى ئۆلمەيدۇ، ئابدۇغوپۇر ئەفەندى دونما جامائىتىنى يېتەكلەپ ماڭىدۇ، ئۇنىڭ يەھۇدىچە ئىسمى" جوزىپ بىلوسوف ." ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللاھ يەئقۇب)يەھۇدىچە ئىسمى جوزىبق كىيرىدۇ (رەھبەرلىك

قىلىدۇ .ئۇلار كېيىن تۈركىيەنىڭ سالونىك شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىدۇ.

تۈركىيەدىكى دونىما يەھۇدىلىرىنىڭ خاس مەكتەپلىرى ۋە خاس قەبرىستانلىقى بار .ئۇلار بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدىن تارتىپ تۈركىيەنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىنى غەربلەشتۈرۈش چاقىنى تېزلىتىشقا پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرگەن .ئۇلار دەسلەپتە ھىجابقا قارىشى ئۇرۇش قوزغىدى، ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياشلارنىڭ قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ ئوقۇشىغا تەشەببۇس قىلدى .شۇنداقلا دونىما يەھۇدىلىرى تۈركىيەنىڭ گۈزەللىك مەلىكە مۇسابىقە ئېچىنى بۈگۈنكىچە تىكلەپ كەلمەكتە.گەرچە تۈركىيەدىكى يەھۇدىلارنىڭ ھازىرقى سانى 30 مىڭدىن ئاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار دۆلەتتىكى مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگەللىۋالغان، ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى ئارقىلىق سوقۇنۇپ كىرگەن ۋە سۇلتان ئابدۇھەمىدنى ئېلىپ تاشلىغان ئىنقىلاپنىڭ زور قىسمىنى شۇلار ئايلاندۇرغان.

نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ زور تەسىرى بارلىقى ھەممىگە ئايان، تۈركىيە گېزىتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى دونىما يەھۇدىلىرى ئىگەللەيدۇ، ئەھمەد ئەمىن يالمان دېگەن(1973 ـ 1888) دونىما يەھۇدىلىرىدىن بولۇپ، بىر قانچە گېزىت ۋە مۇھىم ژورناللارنى تەسىس قىلغان، ئەرمەن ۋە كۇرد دۆلىتىنىڭ تۈركىيە زېمىنىدىن پارچىلىنىپ چىقىشىنى تەشۋىق قىلغان .شۇنداقلار بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈركىيەنىڭ ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسىنى قوبۇل قىلىشىغا چاقىرغان، ماسون ۋە كومۇنىست تۈركلىرىنىڭ مەسىلىرىگە ياردەمدە بولغان، ئۇ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا بەك ئۆچ ئىدى.

دونىما يەھۇدىلىرى تۈركىيەدە چىقىدىغان"ھۆرىيەت "گېزىتىنىڭ ئىگىسى، بۇ گېزىت كۈنلۈكى 80 مىڭ نۇسخىدىن بىر مىليون نۇسخىگىچە بېسىلىدۇ .بۇ گېزىت خەلقئارالىق 20 گېزىتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ، بۇ گېزىت" تۈركىيە

تۈركلەرنىڭ "دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

دونما يەھۇدىلىرى تۈركىيەدىكى ھۆرىيەت گېزىتىدىن قالسا ئىككىنجى ئورۇندا تۇرىدىغان" كۇن ئايدىن "گېزىتىگە ئىگە، بۇ گېزىت كۈنلۈكى 570 مىڭ نۇسخا تارقىتىلىدۇ.ئۈچىنجى ئورۇندا تۇرىدىغان" تەرجىمان "ۋە تۆتىنجى ئورۇندا تۇرىدىغان" مىللەت "گېزىتمۇ دونما يەھۇدىلىرنىڭ گېزىتلىرى...

دونما يەھۇدىلىرىغا تەۋە ئاخبارات ۋە تەشۋىقات ئورگانلىرى ئىسرائىلىيەنى مۇداپىئە قىلىدۇ، ھەر قانداق كۆرەشتە ئەرەبلەرگە قارىشى كۆز قاراشنى ئاساس قىلىدۇ.شۇڭا دونما تەشۋىقات ئورگانلىرى ئەرەبلەرگە قارىشى ئىسرائىلىيەنى قوللايدىغان خەلق پىكرىنى يارىتىشتا غەلىبە قازاندى.

## 2.ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ بۇ سىياسەتتىكى رولى

يەھۇدىلار پايدىلانغان ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى ئەسلىدە مەخپى تەشكىلات بولۇپ، ئۇنى" تۈركىيە فەتات"نىڭ بەزى ئەزالىرى ـ 1890 يىلى قۇرۇپ چىققان .بۇ پارتىيەنىڭ ئاشكارا دەۋەتلىرى ئەركىنلىك، پارلامىنت ھاياتى ۋە دۇستۇر)قانۇن(نى ئىلان قىلىش .ئەمما يوشۇرۇن نىشانلىرى خەلىپىلىكنى يىقىتىش، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ تاشلاش، يەھۇدىلارنىڭ نىل دەرياسىدىن تارتىپ پۇرات دەرياسىغىچە دۆلەت تۇرغۇزىشىغا يول ھازىرلاشتۇر.

بۇ مەخپى تەشكىلات 1909 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى خەلىپىلىكتىن ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن پارتىيەگە ئايلاندى .بۇ پارتىيە 1908 ـ يىلدىن تارتىپ 1918 ـ يىلغىچە ئوسمانىيە دۆلىتىدە ھەقىقى ھوقۇق ئىگىسى ئىدى .بۇ جەمىيەتكە ئەزا بولغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ماسونىيە)يەھۇدىلارنىڭ نىشانىغا خىزمەت قىلىش

ئۇچۇن قۇرۇلغان مەخپى تەشكىلات، مۇستاپا كامال دېگەن يەھۇدىمۇ شۇلارنىڭ قاتاردىن (جەمىيەتلىرىگە ئەزا كىشلەر ئىدى.

بۇ جەمىيەت ئىسلام بىرلىكىنى يوقۇتۇش ئۇچۇن مىللى شوئارلانى ئويغىتىپ چىقتى .مەسلەن، ئۇلار تۇران مىللەتچىلىكىنى تەشۋىق قىلىشتى .شۇنداقلا يالغاندىن ئەركىنلىك شوئارىنى كۆتۈرۈشتى ۋە 1908 ـ يىلى بىرىنجى ئىنقلابنى ئېلىپ بېرىشتى، لېكىن ئۇلار سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى بۇ ئىنقلابتا چۈشۈرەلمەي 1909 ـ يىلدىكى ئىنقلابتا چۈشۈردى .بۇ ئىنقلابنى ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات پارتىيىسىگە ساداقەتمەن سالونىيك شەھرىدىكى ئەسكەرلەر ئېلىپ باردى، ئۇلار ئىستانبولغا ھەرىكەتلىنىپ، سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى مەنسىپدىن ئېلىپ تاشلىدى . بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدە ياش ئىككى ئوفتىسىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى مۇستاپا كامال، يەنە بىرسى ئەزىز مىسرى ئىدى.ئەزىز مىسرى دېگىنى مىسرلىق بولماستىن شىركىسى بولۇپ، ئاتېئىست ئىدى .ئەزىز باشا كېيىن ئىمانغا يۈزلىنىپ تۆۋە قىلغان...

## 3.مۇستاپا كامالنىڭ بۇ سۇيقەستتە ئوينىغان رولى

مۇستاپا كامال تۈركىيەنىڭ سالونىيك شەھرىدە دونما يەھۇدىلىرىدىن بولغان بىر ئائىدىن ۋە قانۇنسىز ئاتىدىن تۇغۇلغان)يەنى پاھىشىدىن بولغان بالا .(

مۇستاپا كامال ـ 1924 يىلى ھەربى ئىنقلاپ قوزغاپ، ئىسلام خەلىپىلىگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى .گەرچە ئۇ سىرتقى كۆرنۇشىدە مۇسۇلمان بولىۋالسىمۇ ۋە دىنغا ياردەم بېرىۋاتىمەن دەپ داۋا قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلىپىلىكنى بىكار قىلىپ تاشلىدى ۋە ئىسلامنى ھۆكۈمدىن يىراقلاشتۇردى.

ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلام خەلىپىلىگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىشەتتى، بۇ ئىشنىڭ ئاتالمىش شان شەرەپلەر بىلەن بىزەلگەن بۈيۈك قەھرىمانىنى ياساپ چىقماي )يېتىشتۈرمەي (تۈرۈپ ۋۇجۇتقا چىقمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى.

شۇڭا ئىنگىلىزلار بۇنى رىئاللىققا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۇنانلىقلارنىڭ تۈركىيەنىڭ ئىزمىر شەھرىنى بېسىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.ئاندىن يۇنان )گىرىتسىيە (ئۈستىدىن خىيالى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئاتالمىش قەھرىمانىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن مۇستاپا كامال دېگەن يەھۇدى مەلئۇننى چاقىرىپ كېلىشتى . ئۇ خىيالى غەلىبە قىلغان بولدى، خەلق ئامىسى ئۇنىڭغا ئىشىنىشتى ۋە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈشتى .دەل مۇشۇنداق پەيتتە ئىسلام هاياتىغا خەنجەر سانجىشنىڭ ئۇنىڭ بېرىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن بىلىشەتتى .شۇ سەۋەبتىن ئەنگىلىيە مۇستاپا كامالنىڭ سىنتەبىرنىڭ-9 كۈنى ئىزمىر شەھرىگە كىرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى ۋە بىر پاي ئوق ئاتماي يۇنانلىقلارنى ئۆزلىرى قوغلاپ چىقاردى .غەربنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى مۇستاپا كامالنىڭ ئاتالمىش خىيالى غەلىبىلىرىنى چوڭايتىپ، ئىسلام دۇنياسىدا تىز نەشىر قىلىپ تارقاتتى .مۇسۇلمانلار مۇستاپا كامال بىلەن ئالداندى، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىلىرىدە ئارزۇ-ئۈمىد ئويغاندى ۋە ئۇنىڭغا قەلبىلەر تەلپۈندى .دېمەك، مۇستاپا كامالنى غەرب مۇستەملىكچىلىرى يېتۈشتۈرۈپ چىققان . ئەگەر مۇستاپا كامالدەك مەلئۇندىن بىرسى بولماي، غەرب دۇنياسىنى ئوسمانىيە دۆلىتىنى 50 يىل بېسىۋالغان تەقدىردىمۇ ئىسلام خەلىپىلىكىنى يوقىتالمىغان بولاتتى.لېكىن مەلئۇن بۇ رولنى ئۇستىلىق بىلەن ئويناپ كەتتى.

لېكىن ئاتا تۈرك)ئۇ تۈركلەرنىڭ ئاتىسى ئەمەس، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ رەزگى دۈشمىنى بولغىنىدەك، تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ئەشەددى دۈشمىنى، چۈنكى خەلىپىلىكنى ئۆرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن ئەنگىلىيە ۋە سوۋيت ئىتتىپاقى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئالاقە ئورناتقان (مۇستاپا كامال بىلەن ئالدانغانلار ـ 1924 يىلى، ـ 3ئاينىڭ ـ 3 كۈنى سەھەردە خەلىپىلىكنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، خەلىپىنىڭ ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ قوغلانغانلىقى، ۋەقپە ۋە شەرئى مەھكىمىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى، دىنى مەدرىسلەرنىڭ يېڭىچە مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى ۋە قۇرئان يادلايدىغان گورۇپپىلارنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئارزۇلىرى يەكسان بولۇشتى .

مۇستاپا كامال دېگەن مەلئۇن خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن ،ئەنگىلىيە دەرھال تۈركىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە تۈركىيەدىن ئەسكەر چىكىندۇردى .شۇ ۋاقىتتىكى ئەنگىلىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى":تۈركىيە تامامەن تۈگەشتى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، چۈنكى بىز تۈركىيەدىكى مەنىۋى كۈچ يەنى ئىسلام خەلىپىلىكنى يوقاتتۇق"دېگەن.

ئوسمانىيە خەلىپىلىكىدىكى ئاخىرقى شەيخۇل ئىسلام مۇستاپا سەبرى مىسىرغا پاناھلانغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ":ئىنگىلىزلار مۇستاپا كامالنى قەھرىمان قىلىپ ياساپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى،خەلىپىگە قاتتىق قول مۇئامىلە قىلىپ ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى، سەۋەبى خەلقلەرنىڭ مۇستاپا كامال بىلەن ئالدىنىشى ئۈچۈن ئىدى...ئەنگىلىيە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمدىن يەنە بىرسىنى تاپالمايدۇ، چۈنكى ئىسلامنىڭ ماددى ۋە مەنىۋىياتىنى بىر كۈندە ئۆرۈپ تاشلىدى .ئۇنىڭ ئىپلاس ئىقتىدارلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئىنگىلىزلار بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدىن چىكىنىپ چىقىپ كەتتى.

مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلام خەلىپىلىگىنى بىكار قىلىپ تاشلىشى، تۈركىيەدە دىن بىلەن دۆلەتنى ئايرىشى ئىسلامنى ھايات ساھەسىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان زەنجىرسىمان ئىجرائاتلىرىدىكى باشلىنىش نوقتىسى ئىدى.شۇڭىلاشقا ئۇ ئىسلام ھىجابىنى قەتئى چەكلىدى، ياۋرۇپاچە پورمىلارنى كېيىشكە مەجبۇرلىدى، بىر قانچە يىلغىچە روزى ۋە قۇربان ھېيت بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، مۇسۇلمانلارنى ھەج قىلىشتىن چەكلىدى، بىر قانچە مەسجىدلەرنى تاقىدى، "ئايا سوفىيا "چوڭ مەسجىدنى چىركاۋغا ئاندىن كېيىن ئامبارغا ئايلاندۇردى .شۇنداقلا مۇسۇلمان ئايالنىڭ كاپىرلار بىلەن توي قىلىشغا يول قويدى، جۇمە كۈندىكى دەم ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەكشەنبە كۈنىنى بەلگىلەپ قويدى، مۇسۇلمانلارنى جۇمە نامىزى ئوقۇشتىن چەكلىدى، نامازغا ئەرەبچە ئەزان ئېيتىشنى توسۇپ، تۈركچە ئېيتىلىشىنى شەرت قىلدى، يېزىقتىكى ئەرەب ھەرپىلىرىنى بىكار قىلىپ، لاتىن ھەرپىلىرىنى ئالماشتۇردى.

دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۈركىيەنىڭ مەدەنىيەت يىلتىزىنى ئىسلام ئاساسىدىن پۈتۈن كىسىپ تاشلاش ئۈچۈن ئىدى.

1928 ـ يىلى تۈركىيە قانۇنىدىكى" :دۆلەتنىڭ دىنى ئىسلام "دىگەن ماددىنى بىكار قىلىپ تاشلىدى ۋە تۈركىيەنى ئىلمانى دۆلەت دەپ ئىلان قىلدى . شەرئەت)ئىسلام قانۇن (نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىتالىيە ۋە شۋىتسارىيە قانۇنلىرىنى ئالماشتۇردى، شەيخۇل ئىسلاملىق مەنسىپىنى يوقاتتى، ئالىملارنى سەللە ئورنىغا شلەپە كېيىشكە زورلىدى، ھىجرىيە كالىندارىنى بىكار قىلدى، مۇرتەدلىكنى مۇباھ قىلدى)يەنى قانۇنلۇق قىلدى( ، مىراس تۇزۇمىدە ئەر ۋە ئايالنى باراۋەر قىلدى، 1932 ـ يىلدىكى ئىنقىلابقا قارشى چىقتى دىگەن باھانە

بىلەن 150 دىن كۆپرەك ئالىملارنى ۋە سىياسى دۆلەت ئەربابلىرىنى ئۆجۈقتۇرۇۋەتتى .
ئۆز ئىسمىدىن مۇستاپا دېگەن سۆزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ كامال دېگەن سۆز بىلەن كۆپايىلەندى.

مۇستاپا كامال ـ 1937 يىلى ئۆلدى، ئۇ ئايالسىز ۋە پەرزەنتسىز ياشىدى، ئۇنىڭ ئايالى" لەتىپە خانىم "ئۇنىڭ بىلەن ئاران بىر يىل سەۋر قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇزۇق ۋە پاسىقلىقىغا چىدىيالماي ئاجرىشىپ كەتتى، چۈنكى مۇستاپا كامالنىڭ تۇرالغۇسى هاراق ۋە پاهىشەلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى.

بۇ يەهۇدى ۋە پاهىشۋازنىڭ بالىسى ئۆلىدىغان چاغدا، ئەنگىلىيەنىڭ كونسۇلىنى قەسرىگە چاقىرىپ، ئۇنىڭ تۈركىيەگە رەئىس بولۇش تەكلىۋىنى ئوتتۇرغا قويغان . چۈنكى ئۇنىڭ جۇمهۇرىيەت رەئىسلىكىدىكى هوقۇقى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى كىمنى رەئىسلىككە تاللاش هوقۇقى بار ئىدى، لېكىن ئەنگىلىيە كونسۇلى بۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن .ئۇ ئۆلگەن چاغدا ئۇنىڭ قوماندانلىرى ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرەمدۇق ياكى چۈشۈرمەمدۇق دەپ تالىشىپ قالغان.

## غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى قورشاش باسقۇچى

**(1)**

ئارقا ئىشكتىن قورشاش)يەنى يىراق جايلارنى مۇستەملىكە قىلىش(
غەرب مۇستەملىكىسىنىڭ باشلىنىشى:

ئەندەلۇس)ئىسپانىيە (مىلادىيە ـ 1492 يىلى مۇسۇلمانلار قولدىن كەتكەندىن كېيىن، غەربتە ئىسپانىيە ۋە پورتىگالىيەنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى كۆرۈنۈشكە باشلىدى،

ئۇلار ئىسلام دۇنياسىنى ئارقا دەرۋازىدىن مۇستەملىكە قىلىش پىلانىنى باشلىدى، چۈنكى يىراق رايۇنلار ئاجىز بولىدۇ .شۇڭلاشقا 17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىر ئارلىقىدا ھىندۇنىزىيە ئاندىن ھىندىستان ۋە مالىزيا قولدىن كەتتى .ئۇلار شىمالى ۋە غەرب ئافرىقىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ دېڭىز ساھىللىرىنى، مورىتانىيە، سىنگال، سۇمال، تەنزانىيەلەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى .بۇ مۇھاسىرە ۋە مۇستەملىكە ئىلمى كەشپىيات باھانىسى ئاستىدا يۈز بەردى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىلمى كەشپىيات بولماستىن ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان يېڭى ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى ئىدى.

بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارغا تونۇشلۇق ئىدى، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيە كەشپىيات باھانىسى ھەقىقى پىلانىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئالداش ۋە قايمۇقتۇرۇش ئويۇنى ئىدى .ئۇلارنىڭ پىلانى ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىش، يىراق ۋە ئاجىز رايۇنلارنى مۇستەملىكە قىلىۋىلىش ئارقىلىق قورشاش ئىدى .بۇ پىلان پورتىگالىيە پادىشاھى ھەنىنا ئەۋۋەلنىڭ دەۋرىدە باشلاندى، ئۇ مۇسۇلمانلار يوق ياكى بولسىمۇ بەك ئاجىز ئورۇندىن بىرنى تېپىپ، شۇ ئورۇننى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم باشلاش ئۈچۈن بالىسى ھىنرىنى ئافرىقىنىڭ غەربى ساھىلىغا يۈرۈش قىلىشقا يولغا سالغان .ھىنرى جەنۇبقا قاراپ ئاتلاندى، قەيەرگىلا بارسا مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتتى، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ جەنۇبى ئافرىقىغا قەدەر باردى).بۇ ۋاقىتتا ئەندەلۇس ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، پورتىگالىيە ۋە ئىسپانلار ئەندەلۇستىن مۇسۇلمانلارنى چىقىرىپ تاشلىغان ئىدى.(

ئۇندىن كېيىن پورتىگالىيەدىن ئۈچ كىمە ئۇمەك يولغا چىقىپ، ئۇلار ئافرىقا ئەتراپىنى ئايلاندى، مالەندى دېگەن شەھەردە"ئىبنى ماجىد"ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان مۇساپىر بىلەن ئۇچۇرشۇپ قالدى، ئۇ پورتىگاللىقلارنى ھىندىستان)ھىندىستان بۇ چاققىچە ئوسمانلار دۆلىتىگە تەۋە ئىدى، ـ 700يىلغا

يېقىن ئىسلام خەلىپىلىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن (يولغا كۆرسىتىپ قويىدى .ئۇلار ھىندىستاننىڭ كەلكىتا شەھىرىگە كەلگەندە ئۇ يەردىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتتى، ئۇ قايتىش يولىدا ئۇمان ئارىلىدا 100 مۇسۇلمان چىققان ھاجىلار پاراخوتىنى غەرق قىلىۋەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن پورتىگالىيەلىكلەر ئىسلام ساھىللىرىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى.

زېمىننىڭ يومىلاقلىق ئىكەنلىكى ۋە ئىسلام پاراخوتىنىڭ غەرب يۆلۈنۈشىدە مېڭىپ، شەرققە يەتكەنلىكى ئىسپانلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ئىدى .شۇڭا ئىسپانىيەلىك دېڭىزچى"كولۇمبۇ "ئۇچ پاراخوتنى ئەگەشتۈرۈپ غەربكە قاراپ ئاتلىنىپ، ئامېرىكىغا يېتىپ باردى .ئامېرىكىدىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتتى، بۇ مەلۇماتلار ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، يېقى تەتقىقاتلار ئۇنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

" كولۇمبۇ "دىن كېيىن" ماجلان "ئامېرىكىغا سەپەر قىلدى، ئۇ يەردىن فىلىپىن ئارىلىغا يېتىپ باردى، ئۇ يەردىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئۇچراتتى .ئۇ يەردە خىرىستىيان دىنىنى سۇلتانغا تېڭىشقا ئۇرۇنغان چاغدا، مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى .بۇ باسقۇچ ئىسپان، پورتىگال، گوللاندىيەلىكلەر، ئىنگلىز ۋە فىرانسىيەلىكلەر ئارىسىدا ئىسلام شەھەرلىرىنى مۇستەملىكە قىلىش توقۇنۇشى ئەۋجىگە چىققان باسقۇچ ئىدى.

## شەرق مۇستەملىكىسىنىڭ باشلىنىشى:

شەرق تەرەپتىن روسىيە ئىسلام شەھەرلىرىگە ئىچكىرلەپ كىرىپ، قاراقىرىم، تاتار ۋە باشقا شەھەرلەرنى بېسىۋالدى، روسىيە بېسىۋالغان شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى تۆت يېرىم مىليون (4:5 )كىلومېتىرغا يېتىدۇ.روسىيە ئاخىرىدا قافقاسىيەنى

ئىگەللىۋالدى، ئۇنى شەيخ شامىل1855) م (ئىنقىلاۋىدىن كېيىن مۇستەقىل بىر قانچە جۇمھۇرىيەتكە بۆلىۋەتتى.

مەلئۇن ئازغۇن ئاپپاق غوجىنىڭ كاساپىتىدىن بىزمۇ يوقىرىقى ھۇجۇمدىن ساقلىنىپ قالالمىدۇق...

بۇ باسقۇچ مىلادىيە ـ 19 ئەسىرگىچە مۇشۇنداق داۋاملاشتى، ـ 19ئەسىردە فىرانسىيە مىسىرنى مۇستەملىكە قىلىۋالدى، بەزىلەر غەربكە ھەيرانلىق ۋە ئەجەبلىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ خىرىستىيانلاشتۇرۇش مەكتىۋى ئېچىشقا ۋە باشقا ۋەزىپىلەرگە ئىگە بولۇشقا رۇخسەت قىلدى.

(2)

ئالدى دەرۋازىدىن قورشاش)يەنى ئەرەب دۆلەتلىرىنى مۇستەملىكە قىلىش(

غەربنىڭ سەلىب مۇستەملىكە ھۇجۇم پىلانى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئالدى دەرۋازىسى)ئەرەب دۆلەتلىرى (غا يېتىپ كەلدى .ئالجىريە، تۇنۇس، مىسىر، سۇدان مۇستەملىكىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى .شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر قانچە رايونلىرىدا يېڭى سەلىب ھۇجۇمىغا قارىشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى بارلىققا كەلدى، بۇ قارىشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئۇممەت يېتەكچىلىرى يېتەكلەيدىغان ئىدى .مەسىلەن، ئابدۇقادىر جازائىرى ۋە ئۆمەر مۇختا شىمالى ئافرىقىدا، مەھدى سۇداندا، ئەمىر رابىھ تەشاد دۆلىتىدە، ھاج ئۆمەر مالى دۆلىتىدە، شەيخ شامىل ئوتتۇرا ئاسىيادا....يېتەكچىلىك قىلغان.

***

## غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا سوقۇنۇپ كىرىش ۋە بىرلىكنى پارچىلاپ تاشلاش باسقۇچى

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىغا قەدەر، ئوسمانىيە خىلاپەتلىكىنىڭ ئۆرۈلىشى بىلەن لىۋىيە، ماراكەش، شام، ئىراق، مىسىر، سۇدان ۋە ئۇندىن باشقا رايۇنلار مۇستەملىكىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى .شۇنداقلا ئىسلام بالقان شەھەرلىرىدە ئارقىغا چېكىندى، يەمەن ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن باشقا مۇستەملىكە ئاستىغا چۈشمىگەن ئىسلام رايۇنى قالمىدى .ئەھلى سەلىب لورد " لىنبى "قۇددۇس شەھىرىگە كىرگەندە پوچىلىق قىلىپ":سالاھىددىن ئەمدى سەلىب ئۇرۇشى ئاياغلاشتى"دېدى، قوماندان"جورۇ "دەمەشىققە كىرگەندە مەغرۇرلىنىپ" :سالاھىددىن بىز يەنە قايتا كەلدۇق"دېدى.

خىلاپەتلىكنىڭ يېقىلىشى بىلەن تەڭ، ئىسلام ئەللىرىنىڭ بىرلىكى پارچىلاندى ۋە پارچە كىچىك دۆلەتلەرگە ئايلىنىپ قالدى)ئايلاندۇرۇلدى.(كولۇنىل"لورنىس " ئەنگىلىيە ئاخبارات ئىدارىسىغا - 1916 يىلى يانۋاردا يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ":بىزنىڭ ئاساسلىق نىشانىمىز، ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسىنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق ئىسلام بىرلىكىنى پارچىلاپ تاشلاش، ئەگەر بىز ئەرەبلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلسەك، ئۇلار كىچىك دۆلەتلەر ئىچىدە داۋاملىق سىياسى قالايمىقانچىلىقتا تۇرىۋېرىدۇ."

تۆۋەندە بۇ كىچىك دۆلەتلەرنى تونۇشۇتۇرىمىز:

*ئەنگىلىيە بېسىۋالغان ئىسلامى دۆلەتلەر:

.1ئافرىقىدا :مىسىر، سۇدان، نەيجىريا، زەنجىبار، سومالىنىڭ بىر قىسمى،

تانزانىيا، توگو، كىنىيە، جەنۇبى ئافرىقا ۋە غانا.

.2ئەنگلىيەنىڭ ئاسىيادا بېسىۋالغان دۆلەتلىرى:

ھىندىستان)پاكىستان بىلەن بىر(، بۇرما، سىيام)تايلاندىغا تەۋە(، ئىران، ئافغانىستان، خەلىج قولتۇقى ۋە پەلەستىن.

*فىرانسىيە مۇستەملىكە قىلىۋالغان ئىسلامى دۆلەتلەر:

.1ئافرىقىدا :تۇنۇس،ئالجىرىيە، ماراكەش، پولسارىيو، ئاج ساھىلى، غىينىيا، مالى، نىيجىر، كانغو، جۇزۇر قەمەر، سومالىنىڭ بىر قىسمى، مورىتانىيە، مەدەغەشقەر، كامىرۇن ۋە بەنىن.

.2ئاسىيادا :سۇرىيە، لىۋان.

*ئىتالىيە بېسىۋالغان ئىسلام دۆلەتلىرى:

لىۋىيە، ئارتىرىيە ۋە سومالىنىڭ بىر قىسمى.

*گوللاندىيە بېسىۋالغان ئىسلام دۆلەتلىرى :ھىندونېزىيەدىكى جاۋا ۋە سوماترا ئارىلى.

*روسىيە بېسىۋالغان ئىسلام دۆلەتلىرى:

.1غەربى تۈركىستان، يەنى ھازىرقى ئۆزبەكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان ۋە ئەزەربەيجان.

.2سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىدىكى مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرى.

.3قافقاسىيا 14 :جۇمھۇرىيەت ۋە ئۆلكە، بىۋاستە موسكۋاغا قارايدۇ.

.4سىبىرىيا، بىۋاستە موسكۋاغا قارايدۇ.

*ياۋرۇپادىكى كومۇنىست نوپۇزىغا بويسۇنغان ئىسلام دۆلەتلىرى:

ئالبانىيە، بۇلغارىيە.

مۇستەملىكە قىلغۇچىلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بەزى ئۇسۇل ـ چارىلار

1. مۇستەملىكچى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەزھەب ئىختىلاپلىرىنى قوزغاش ئارقىلىق بۆلۈنۈش ئۇرۇغلىرىنى چاچتى، ھەم مۇسۇلمانلار بىلەن ئىسلام ئەللىرىدە ياشايدىغان باشقا تائىپىلەر) باشقا دىندىكىلەر(ئارىسىدا تائىفە ئىختىلاپلىرىنى ئۇلغايتتى . مەسىلەن، ھىندىستان ـ 1947 يىلى مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ، ھىندىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمانلاردىن 8080 ئادەم تائىفە ئۇرۇشىدا قىرىلىپ كەتكەن . ئۇنىڭدىن سىرت مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىق، مائارىپ ۋە يوقىرى مەنسەپلەرگە ئىگە بولۇش ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قالغان.

تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئىنگلىزلار ـ 1890 يىلى قەبرىس) سىپرۇس(قا كىرگەن ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى خىرىستىيانلارنىڭ سانىنىڭ ئۈچ ھەسسىگە توغرا كېلەتتى، ـ 1960يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى خىرىستىيانىڭ سانىنىڭ تۆتتە بىرگە توغرا كېلىپ قالغان.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى خىرىستىيانلاشتۇرىدىغان خىرىستىيانلاشتۇرۇش ئۆمەكلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش، ياكى ئۇ پەرزەنتلەرنى مۇستەملىكە قىلغۇچىنىڭ مەدەنىيتى بىلەن بويىۋتىش)يەنى مېڭىسىنى يۇيۇۋتىش (ۋە ئۇلارنى مۇستەملىكىنىڭ پىرنسىپى بويىچە تەربىيلەش .ئۇلارنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسى بىلەن تەربىيلەنگەن باللار كەلگۈسىدە مۇسۇلمانلارغا غەرب نامىدا ھاكىملىق قىلىدىغان ئىتائەت قىلغۇچى قورالغا ئايلىنىدۇ) .ھازىرقى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھاكىملىرى دەل بۇ مىسالغا چۈشىدۇ.(

1936 ـ يىلغىچە ھىندىستانغا ئەۋەتىلگەن خىرىستىيانلاشتۇرۇش ئۆمەك سانى 377 كە يېتىدۇ، بۇ ئۆمەكتە 3634 مىسئونىر)پوپ(خىزمەت قىلىدۇ، بۇلار 50 پاكولتىت،

138تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، 421باشلانغۇچ مەكتەپ، 270تۇرلۇك مەكتەپ ئاچىدۇ ۋە 170 گىزىتنىڭ ھەممىسى خىرىستىيانلاشتۇرۇش ئۈمىكىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئايلىنىدۇ.

3.سوۋيت مۇستەملىكىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدلىرىنى مۇسادىرە قىلغان، شۇنداقلا ئىسلام مەكتەپلەرنى تاقىغان، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى سىبىرىيەدىكى خىزمەت گازارمىسىغا قوغلىۋەتكەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ـ 1937 يىلدىن ـ 1941 يىلغىچە بولغان 5 يىل ئىچىدە بىر مىليۇندىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتكەن.

## مۇستاپا كامالنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ ئوينىغان رولى

(1)

"مۇستاپا كامالنىڭ قىسقىچە تارىخى"دېگەن ماقالىگە ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلار قويۇلدى، مەزكۇر ماقالىگە شۇنداق تۇرلۇك كۆز قاراشلارنىڭ قويۇلىشى تەبئى ھەم چۈشىنىشلىك ئىدى .چۈنكى زىيالىلىرىمىز ئوقۇغان تارىخى كىتابلار ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئەقلى بىلەن يېزىلماستىن، غەرب ۋە روس ئەقلى بىلەن يېزىلغان ۋە شۇلارنىڭ تارىخچىلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى ئاساس قىلىنغان ئىدى..

مۇستاپا كامال توغرىسىدىكى بۇ ماقالىنىڭ غەربنى دوراش يولىنى تۇتۇپ مېڭىۋاتقان ھازىرقى ئىلمانىزىم ئەرەب ھۆكۈمدارلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق .بۇ ماقالىنىڭ پەقەت ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىسى بار، چۈنكى مەن بۇ ماقالىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە قارىتىپ يازدىم .ئىسلام بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى ئېنىق، يەنى ئۇ ئىككى يۈزلىمچى كاپىر ۋە ئاتېزىملىقنى تەشۋىق قىلغۇچى .ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقىسى شۇكى، مۇستاپا كامالدەك ئىككى يۈزلىمچى ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ نەمۇنە تۇتىشىغا ۋە دوراپ مېڭىشىغا ئەرزىمەيدۇ

ھەم يارىمايدۇ .چۈنكى ئۇ تۈرك خەلقىنى ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، تارىخى، تىل ـ يېزىقى ۋە يېتەكچىلىك رولىدىن ئايرىپ تاشلىدى.

مەن بىر ئۇيغۇر، تۈرك ھەم مۇسۇلمان بولغانلىقىم ئۈچۈن، تۈرك مىللەتلىرى ھەم ئېتىقادىمغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرنى ۋە تارىخى ھەقىقەتلەرنى بىلىشىم كېرەك .ئوبدان مۇلاھىزە قىلىسىڭىز بۇ ماقالە ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەرب دۇنياسى ئارىسىدا 2 ئەسىردىن بۇيان يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .بۇگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە كاللىڭىزنى ئاچىدۇ .تارىخ ئەقىللىق ئادەملەر ئۈچۈن ساۋاق ۋە ئىبرەت .شۇنداقلا ئۇيغۇرلاردىن مۇستاپا كامالدەك بىر مەلئۇن چىقىپ قالسا سەگەكلەشتۈرىدۇ...

توغرا، مەن بىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان، ئەلۋەتتە تۈركلەرگە قىزىقىمەن، مەن قىزىقىدىغان ۋە نەمۇنە قىلساق بولىدۇ دەپ قارايدىغان تۈرك يېتەكچىلىرى:ئەسبەق تۈركىيە رەئىسى تۇرغۇت ئوزال، ئەسبەق باش مىنىستىر پروففېسور نەجمىدىن ئەرباكان ۋە ھازىرقى باش مىنىستىر رەجەب ئاردۇغان...

شۇنداقلا مۇستاپا كامال توغرۇلۇق يېزىلغان ماقالىنىڭ دېموكىراتىيە بىلەن ئالاقىسى يوق، چۈنكى مۇستاپا كامال خەلققە ھەقىقى دېموكىراتىيە بەرمىگەن ۋە مۇستەبىدلىكتە تەسەۋۋۇر قىلغىسىز بىر دەرجىگە يەتكەن، ئېيتاۋۇر مۇستەبىد دەپ سۆپەتلەنگەن سۇلتانلارنى بېسىپ چۈشكەن.نىجىس پىلانلىرىنى قورال كۈچىگە تايىنىپ ئىجرا قىلغان .چۈنكى ئىسلام دىنى ھەقىقى دېموكىراتىيەنى قوللايدۇ، دېموكىراتىيەنىڭ ئېتىقادسىزلىق ۋە رەزىل ئەخلاقسىزلىق تەرىپىنى قوللىمايدۇ . ناۋادا بىز دېموكىراتىيەگە مەجبۇر بولۇپ قالساق، دېموكىراتىيەنى ئۇيغۇر ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، تارىخى، ھەزارىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن بويىۋەتسەك بولىدۇ)بېتىمىزدىكى" ئىسلام ۋە دېموكىراتىيە"دېگەن ماقالىگە قاراڭ.(

مەن مۇستاپا كامال توغرىسىدا بۇ ماقالىنى يېزىشقا باشلىغىلى تەخمىنەن بەش يىلدىن ئېشىپتۇ، ھەر قېتىم ئىستانبول ياكى ئەنقەرە كوچىلىرىدا بۇت ئادەم مۇستاپا كامالنىڭ ھەيكىلىنى كۆرگىنىمدە يېڭى پىكىرلەر پەيدا بولىدۇ ..مانا بۈگۈن قايتا رەتلەپ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلماقتىمەن...

مۇستاپا كامالنىڭ تارىخى ۋە ئىش ـ ئىزلىرىنى بىلىشتە تۈرك تارىخچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تۆۋەندىكى تارىخى ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ چىقىشنى ھاۋالە قىلىمەن:

"1.بۇت ئادەم "ئاپتورى" سابىق تۈركىيە ئوفىتسىرى ."بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى مۇستاپا كامال بىلەن بىر زاماندىاش ياشىغان ئوفىتسىر .شۇڭا ئاپتور ئۆز ئىسمىنى قوللانماي"سابىق تۈركىيە ئوفىتسىرى "دېگەن نامنى قوللانغان .تۈركىيەدە ھازىرغا قەدەر مۇستاپا كامالنى ئەيىپلەش قانۇنى جىنايەت ھېساپلىنىدۇ.

"2.مۇستاپا كامال ۋە دىن مەسىلىسى "بۇ كىتاب ناھايىتى ئەھمىيەتلىك.

3 .ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى شەيخۇل ئىسلام مۇستاپا سەبرىنىڭ"ئوسمانىيە خىلاپىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىكى يوشۇرۇن سىرلار"ناملىق كىتاۋى.

4.ئەنگىلىيەلىك يازغۇچى"H.S.Armstrong" نىڭ" غۇۋا بۆرە ياكى كۇلرەڭ بۆرە " ناملىق كىتاۋى.

5.ئۇندىن باشقا بۇ ئىزدىنىشتە بايان قىلىنغان تارىخى ئەسەرلەر..

(2)

ئوسمانلار دۆلىتىنىڭ ئۆمرى ئالتە يېرىم ئەسىرگە سوزۇلىدۇ، ئۇلار ئىسلام تارىخىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئېگىلەيدۇ .تۈركلەر مۇسۇلمانلارنى ھمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ جەمىيىتىنى قوغداشتا كۆپ رول ئوينىغان .جۇغراپىيە دائىرىسى كەڭرى

مۇشۇنداق بىر دۆلەتنىڭ سىرتقى سىياسەتلەرگە ۋە كەسكىن جەڭلەرگە دۇچ كېلىشى تەبئىي مەسىلە .ياۋرۇپادىكى پادىشاھلار بۇ دۆلەت بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بەسلەشتى، پاتكان بۇ ئۇرۇشنىڭ بېشىغا ئىگە بولدى ۋە پارچىلىنىپ كەتكەن ياۋرۇپا بىر نىشانغا بىرلەشتى .ئۇ بولسىمۇ :ئاز دېگەندە ئوسمانلارنىڭ ياۋرۇپادىكى مەۋجۇدلۇقىنى تازىلاپ يوقۇتۇش ۋە بىزەنتىنىيەنى)ئىستانبول ( قايتۇرۇۋىلىش ئىدى .ياۋرۇپا بۇ ھەربى ئۇرۇنۇشلىرىدا غەلىبە قىلالماي، يوشۇرۇن باشقا بىر ئۇسۇلغا تاياندى، ئىسلامنى ئاشكارا قىلغان ۋە كۆپرىنى يوشۇرغان بۇزۇق ھۇجەيرىلەرنى مۇسۇلمان بەدىنىگە كىرگۈزدى، بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ غاپىللىقىدىن پايدىلاندى .يەھۇدى، خىرىستىيان ۋە بۇددىزىمدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈك ياۋرۇپانىڭ بۇيۇك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا غەلىبە قازاندى .خىلاپەت دۆلتى مەۋجۇتلۇقتىن ئۆچۈپ كەتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرى ياۋرۇپالىقلارنىڭ بۆلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىدى، نەتىجىدە ياۋرۇپا ئىسلام دىيارلىرىنى ئىقتىسادى ۋەيرانچىلىق ۋە ئەخلاقسىزلىققا تەرەققى قىلدۇردى .

خىرىستىيانلارنىڭ ئەدەبىياتلىرىدا":ئۆينى ئۆينىڭ بىر ئاساسىدىن باشقىسى ئۆرۈلىيەلمەيدۇ"دېگەن سۆز بار .شۇڭا ئىسلام دۈشمەنلىرى ئوسمانلار دۆلىتىنىڭ جىسمىغا بىر بۆلۈك يەھۇدىلارنى ئۇندۇرۇشتە سەزگۈرلۈك قىلغان، بۇ يەھۇدىلار زاھىرىدىن مۇسۇلمان قىياپىتىدە كۆرۈنۈپ، ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ ئوسمانىيە دۆلىتىنى ۋەيران قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان، بۇ يەھۇدى تائىفىسى" دونما "يەھۇدىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.بۇلار سىلانىيك ياكى سالۇنىيك رايۇنىدا مەركەزلىشىپ، ئوسمانىيە دۆلىتىگە خاتىمە بەرگەن ئويۇننىڭ يىپلىرىنى توقۇپ چىقىدۇ[1] .

بۇ يەردە شۇنى ئىشارەت قىلىش كېرەككى، ئوسمانىيە دۆلىتى دەسلەپتە مۇشۇنىڭغا ئۆزى سەۋەب بولغان، چۈنكى ئۇلار ئۆز پۇقرالىرى ئارىسىدا ئىسلامنى كەڭرى قانات يايدۇرۇشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەي، يات تائىفىلەرنى خالىغانچە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا سەل قارىغان .بۇ ئىش دۈشمەنلەرگە يوچۇق ئېچىپ بەرگەن .يەھۇدىلار ئوسمانىيە دۆلىتىگە ئىككى جەھەتتىن چوڭ خەتەر بولۇپ شەكىللەنگەن، بىرسى:ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ يەھۇدىلاردىن قەرز ئېلىشى، يەنە بىرسى:بۇ ھىلىگەر خەلقنىڭ خاراكتىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەلەستىنگە ھىجرەت قىلىشقا يول قويمىغان سۇلتان ئابدۇلھەمىدغا ئۆچمەنلىكى.

شۇ زامانلاردىكى شارائىتلارنى غەنىمەت بىلىپ، تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئويناپ، دۈشمەنلەرگە ئىچكى جەھەتتىن ھەمكارلاشقان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ" مۇقەددەس زېمىن)"يەنى پەلەستىن(گە بولغان كونىروللىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئۆزمەي ئىشقا سالغان .دونىما يەھۇدىلىرىدىن بىر ئادەم چىقىپ، ھازىرقى تارىخ يولىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىگە زور دەرىجىدە ھەسسە قوشقان ۋە 14 ئەسىر داۋاملىشىپ كەلگەن خەلىپىلىك مەۋجۇتلىقىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بىكار قىلىپ تاشلىغان، بۇ كىشى دەل مۇستاپا كامال ئىدى .

(3)

ياۋرۇپا پۈتۈن كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ يەتتە ئەسىردە قىلالمىغان ئىشنى قانداق بولۇپ بىر ئادەم ۋۇجۇتقا چىقىرالىدى؟

بۇ شەخس ھەققىدە توختۇلۇشتىن ئىلگىرى، ۋەزىيەت ھەققىدە ئاندىن بۇ كىشىنىڭ سالاھىيتى، تۇغۇلىشى، ھەربى ساھەدە ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئىنگىلىزلارنىڭ ئۇنى قانداق ياساپ چىققانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسىنىڭ

تەسىرلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

## سۇلتان ئابدۇلھەمىد دەۋرىدىكى سىياسى شارائىت توغرىسىدا بىر قانچە سۆز

ھۇشيار، ئۆتكۈر ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى يوقىرى بىر ياش يىگىت ئوسمانىيە خىلاپىتىنىڭ ناھايىتى قىيىن باسقۇچىدا سەلتەنەت ئەرشىگە چىقىدۇ .بۇ دەل سۇلتان ئابدۇلھەمىد سانى دىگەن شەخستۇر .ئۇ ـ 1876 يىلدىن ـ 1909 يىلغىچە 30يىل ئەتراپىدا ھاكىمىيەت سورايدۇ.ئۇنىڭ دەۋردە ئىقتىسادى ھايات ئەرزان بولىدۇ .گەرچە ئارقىمۇ ـ ئارقا روس ئۇرۇشلىرى ۋە ئىنگىلىزلارنىڭ خەلقئارا تىجارت ساھەسىدىكى سىقىشلىرى بولسىمۇ ئىقتىساد كۆرسەتمىسى نورمال بولىدۇ . لېكىن ئوسمانىيە دۆلىتىگە تەۋە بولسىمۇ ياۋرۇپادا ياشىغان غەيرى مۇسۇلمان ئوفېتسىرلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ دانا سىياسەتتىن رازى بولمايدۇ، چۈنكى ئەنگىلىيە سىياستىگە قاراشلىق ئىرلاندىيە ۋە ھىندىستاندا ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن مىڭلىغان ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىدۇ.سۇلتان ئابدۇلھەمىد ئەنگىلىيەنىڭ ئوسمانىيە دۆلىتىگە ئىچكىرلەپ كىرىشىگە قارشى تۇرغانلىقى ۋە ئەنگىلىيە مۇستەملىكىسى ئاستىدا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلارغا يەنىلا روھى يېتەكچىلىك رولىنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقى ئۈچۈن سۇلتان زئابدۇلھەمىدنى ياقتۇرمايدۇ2.

مۇشۇ دەۋرلەردە، روسىيە ۋە ئىراندا پارلامىنت مەجلىسلىرى يولغا قويۇلىدۇ، بۇ كۈرۈنۈش ئوسمانىيە دۆلىتىگە سىڭىپ كىرىدۇ، پادىشاھلىق ھۆكمىدىن زىرىككەن خەلق ياۋرۇپادا كەڭرى تارقالغان پارلامىنت تۈزۈمىگە ئىنتىلىدۇ .سۇلتان ئابدۇلھەمىد بۇ تەلەپلەرگە قوشۇلۇپ، غەرب دۇستۇرلىرى)قانۇنلىرى(دىن پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىك دائىرىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن مەخسۇس گورۇپپا تەيىنلەيدۇ .لېكىن

پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ياۋرۇپا ۋە قارشى ئېقىمدىكى كىشلەر بىر يىل ئىچىدە ئوسمانىيە دۆلىتىگە تەۋە رايۇنلار ۋە خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا كېپىللىك قىلالايدىغان قانۇننى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشتى.ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى دۆلەت هۆكمىنى پۇقرالىرىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇش دېگەنلىك بولاتتى .سۇلتان بۇ مەسىلىنى هېس قىلىپ يېتىدۇ هەم نېمىسلارنىڭ مەسلىهەتچىسى"باسمارىك " سۇلتانغا قوشۇلماسلىق توغرىسىدا نەسىهەت قىلىدۇ .شۇڭلاشقا قارشى ئېقىمدىكىلەر فىرانسىيەدە"ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات "جەمىيتى دېگەن نامدا بىر جەمىيەت تەشكىللەيدۇ .بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاتالمىش مەقستى :قانۇن تۈزۈمىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئىدى، بۇ تەشكىلات ئەزالىرى هەممە رايۇنلارغا ئاپتونۇمىيە هوقۇقى بېرىش ۋە رايۇنلارنى مىللى ئاساستا بۆلۈشنى تەلەپ قىلىشىدۇ3.

سۇلتان ئابدۇلهەمىد بېسىم ئاستىدا پارلامىنت مەجلىسىنى قايتىدىن شەكىللەندۇرۇش توغرىسىدىكى قارشى ئېقىملارنىڭ تەلەپلىرىگە قوشۇلىدۇ، لېكىن ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى پارىژ قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىغا قارىغاندا شەهەرلەرنى تەقسىم قىلىش پىلاننى ئىجرا قىلىشتا ۋە سۇلتاننى قورال كۈچىگە تايىنىپ هوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاشتا چىڭ تۇرىدۇ .شۇڭا ئۇلار ـ 1909 يىلى پايتەختكە هۇجۇم قىلىدۇ، سۇلتان ئۇلار بىلەن قارشىلىشىنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى سەۋەبلىك قان تۆكۈلىشىنى ياقتۇرمايدۇ، شۇ سەۋەبلىك قەسرىنى ئەسكەرلەر ۋە مۇهاپىزەتچىلەردىن بوشاتقاندىن كېيىن، خەتەرگە ئۆزى يالغۇز قارىشى تۇرۇشنى تاللايدۇ 4.

يەهۇدىلار)يەنى ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى (نىڭ پىلانلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن قوماندانلىرىنى تەكشۈرۋاتقان سۇلتان ئابدۇلهەمىدغا قارىشى ئىش قىلىشنى پۇرسەت بىلىدۇ .سۇلتان ئۇلارنى

تەكشۈرسە ئۈلارنىڭ تۈرك ياكى مۈسۈلمان ئەمەسلىكى تەكتلىنىدۇ .مەسلەن، ئەنۋەر باشا بولاندىيەلىك، جاۋىد باشا دونىما يەھۇدىلىرىدىن ، قارسۇ باشا ئىسپانىيەلىك يەھۇدى، تەلئەت باشا ۋە ئەھمەد رىزا يالغاندىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان غەجەرلىكلەر ئىدى.5 .

تارىخچىلارنىڭ بىرسىنىڭ بايان قىلىشىچە :سۇلتان ئابدۇلهەمىد سەھيۇنىلار توغرىسىدا مەلۇمات يىغىشقا ۋە ئۈلارنىڭ يىغىلىشلىرىغا قاتنىشش ئۈچۈن كەسپى خادىملارنى ئەۋەتىشكە، شۇنداقلا ئۈلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار گىزىت ۋە ژورناللارنىڭ ئۈزۈندىلىرىنى ئەۋەتىشكە بۇيرۇغان6 .شۇڭلاشقا سۇلتاننى مەنسىپدىن ئايرىۋىتىش خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە بارغان ھەربى قوماندانلار ئىچىدە بىر مۈسۈلمان ياكى بىرەر تۈرك مىللىتى يوق بولغان .ئۈلار:يەھۇدى، ئەرمەن، گىرىك ۋە يۈگۈسلاۋىيەلىكلەر ئىدى7.

بۇ مەسلە تۈرك تارىخچىلىرىنىڭ بىرسىنى ـ 1908 :يىلى يۈز بەرگەن ئىنقىلاب ئاساسەن ماسۇنىيەت يەھۇدىلىرىنىڭ سۈيقەستى ئىدى، دېگەن سۆزگە ئېلىپ بارغان .بۇھەقىقەتنى تەكتلەيدىغان نەرسە شۇكى، ئىستانبولنى بېسىۋالغان ئەسكەرلەر خىزمەت ئۆتەپ مائاشقا چىققانلار، رىم، بۇلغار، ئالبان قاراقچىلىرى ۋە دونىما يەھۇدىلىرىدىن تەركىپ تاپقان8 . ئەسلى غەجەرلىك يالغاندىن ئىسلامغا كىرگەن ۋە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولغان قوماندان تەلئەت باشا":ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى "يەھۇدىلارنىڭ ئارزۇسى ئىدى، بۇ تەشكىلات پەلەستىندە مۇستەقىل يەھۇدى دۆلىتى قۇرۇشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى"دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ9.

دوكتۇر رىزا نۇرنىڭ سۆزى تېخمۇ مەسلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، چۈنكى تەلئەت باشا "ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى"دىكى ئاساسلىق ھوقۇق دونىما يەھۇدىلىرى بولغان جاۋىد ۋە قارسۇنىڭ قولىدا ئىدى، تەلئەت باشا ماسۇنى ئىدى،

دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.10

سەزگۈر ئابدۇلھەمىد سۇلتان بولىسمۇ ئىلگىرىكى بىر قانچە سۇلتانلار دۆلەتتە قالدۇرۇپ كەتكەن كىسەللەرنىڭ كۆپلىكىدىن تۈزۈك ئىش قىلالماي قالىدۇ .ئۇ بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئەتراپىغا قايتىدىن ئۇيۇشتۇرۇپ، روس ۋە غەربكە قارىشى تۇرماقچى بولۇپ"بۈيۈك ئىسلام بىرلىك "شوئارىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ .مەشھۇر تارىخچى تويىنبى":سۇلتان ئابدۇلھەمىد بۈيۈك ئىسلام بىرلىك شوئارى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار سېپىنى بىرلەشتۈرۈپ، غەرب ۋە روس بىلەن رەسمى قارشىلىشىشنى مەقسەت قىلاتتى"دەيدۇ.

سۇلتان ئابدۇلھەمىد ئىسلام بىرلىكىنى تېرىلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سالىدۇ .لېكىن غەرب بىلەن ئالدىنىپ كەتكەن ۋە غەربنىڭ مۇستەملىكىسى تۈپەيلى توغرا ئېڭىنى يوقاتقان بەزى ئەللەرنىڭ پاسسىپ پوزىتسىيەسى تۈپەيلى، شۇنداقلا غەربنىڭ توسقۇنلۇق قىلىش ئۇرۇنۇشلىرى ئارقىسىدا ئىسلام بىرلىكى زور غايىلەرگە يېتەلمەي قالىدۇ).ئاخىرقى خەلىپە سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ دەۋرى توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمىز.(

(4)

## مۇستاپا كامالنىڭ تۇغۇلىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى

1880-يىلى سالۇنىيك شەھرىدە تۇغۇلغان مۇستاپا كامالنىڭ نەسبى توغرىسىدا تۈرلۈك شەكلەر مەۋجۇد بولۇپ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ سالاھىيتى ۋە ئەسلى ئىرقى توغرىسىدا نۇرغۇن شەكلەر قوزغالغان.ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سالاھىيتى ئېنىق ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭغا رەسمى ئاتىسىنىڭ سۈرىتى تەڭلەنگەندە ئۇ سۈرەتنى رەت قىلغان11 .بەزىلەر ئۇنىڭ ئاتىسى:ئەلى رىزا دەپ قارىسا، يەنە

بەزىلەر :ئۇنىڭ ئاتىسى ئايالى زۇبەيدىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى باشقۇرۇلماسلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن، دەپ قارىشىدۇ .نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ھەققى ئاتىسى:سىربىيەلىك ياكى بۇلغارلىق ياكى رىملىقتۇر.ئەلى رىزا ئەپەندى مۇستاپا كامالدىن رەسمى تانغان12 .يەنە بىر جەھەتتىن، مۇستاپا كامالنىڭ قىزىلغا مايىل ۋە كۆزىنىڭ كۆكلىكى ۋە بېشىنىڭ سۆڭەك قىسمىدىكى چىراي شەكلى دەلىللىرى، ئۇنىڭ تۈرك مىللىتى چىرايدىن تولىمۇ يىراق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ13.

مۇستاپا كامال تولۇق ئوتتۇرا ھەربى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا "مۇستاپا "دېگەن ئىسىم قوشۇلىدۇ، ئۇ ناپالىيون ۋە فىرانسىيە ئىنقىلاۋىغا قىزىقىپ قالىدۇ، ئىككى جىنسنىڭ)يەنى ئوغۇل ۋە قىزنىڭ (ئالاقىسىگە ۋە تولۇق ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ14.

ئۇ ئىستانبولدىكى ھەربى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىغا":ئوسمانلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىدىيسى بىلەن غاپىل ۋە ئالدىنىپ يۈرمەكتە، بىز پۈتۈن كۈچ مەنبەيىمىزنى تۈركىيەنىڭ ئانازۇل شەھىرىگە توپلىشىمىز لازىم "دەپ خىتاب قىلىدۇ15.

ئۇ ھەربى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شام شەھىرىگە قوماندان بولۇپ تەيىنلىنىدۇ، شامدىكى ئىتالىيەلىك ئىشچىلارنىڭ قەھۋەخانىسىغا تانسا ئوينىغىلى ۋە ھاراق ئىچكىلى بېرىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەردە 1906 ـ يىلى" ئەركىنلىك تەشكىلاتى"نى تەشكىللەيدۇ، شۇنداقلا بۇ تەشكىلاتنىڭ تارمىقىنى يافا)ھازىر ئىسرائىلىيەگە قارايدۇ (قۇددۇس)پەلەستىنىنىڭ پايتەختى (ۋە بەيرۇتقا قۇرىدۇ، ئۇ ئاللىبۇرۇن ماسونىيە تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ بولغان ئىدى16 .ئاندىن ئۇ ـ 1907 يىلى سىلانىك ياكى سالونىك شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، پۈتۈن ۋاقتىنى دېگىدەك

ئويۇنخانا ۋە قەھۋەخانىلاردا ئۆتكۈزىدۇ .لېكىن ئۇ بۇ يەردە ماسۇنىيە تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق" تۈركىيە قىزى "دەپ ئاتىلىدىغان ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ، بۇ)يەنى تۈركىيە قىزى (نامىلىق بۇ تەشكىلات كېيىن ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ17 .لېكىن ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالماي، ئۇنى تارابلىسنىڭ غەربىگە ھەربى خىزمەت بىلەن ئەۋەتىۋېتىدۇ .ئۇ خىزمەتنى ئاياغلاشتۇرۇپ، سىلانىك شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە-38 بايراق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ .ئۇ ئارمىيە ئىچىدە مۇسۇلمانچە سالام بېرىشتىن قول ئۈزگەن بىرىنجى شەخس بولۇپ ھېساپلىنىدۇ .مۇداپىئە مىنىستىرى مەنسىپىگە ئۆسكەن بولاندىيەلىك ئەنۋەر باشا مۇستاپا كامال توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ":مۇستاپا كامال باشا دەرجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ قالسا، ئۇ چاغدا سۇلتان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، سۇلتان بولسا، ئىلاھ بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ .18 "مۇستاپا كامالنىڭ چېكى يوق شەخسى ئارزۇلىرى ۋە مەغرۇرلىقى ئۇنىڭ كەلگۈسى قارارلىرى ۋە سىياسەتلىرىدە ئەكس ئېتىدۇ.

(5)

## مۇستاپا كامالنىڭ ھادىسە سەھنىسىدە كۆرۈنۈشى ۋە ئىنگلىزلار بىلەن بولغان ئالاقىسى

سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات داھىلىرىنىڭ ئەقلى ۋە قەلبلىرىنى گىرمان مەدەنىيىتى ئىگەللىۋالىدۇ .شۇڭا ئۇلار بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدا گىرمانىيەنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدۇ، بۇلار بىز گىرمانىيەنىڭ ئارقىسىدا تۇرساق ئەنگلىيەنىڭ

كېخەيمچلىك ھۆجۇمىدىن ساقلىنىپ قالىمىز دەپ خىيال قىلىشىپ قالىدۇ . ياۋرۇپادا مۇشۇنداق ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىپ، ياۋرۇپانىڭ ئۆز ئىچىدىن ۋەيران بولىشىنى مەنسىپىدىن ئېلىنىپ كەتكەن سۇلتان ئابدۇلھەمىد ئارزۇ قىلىدىغان ئىدى19.

ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى ئوسمانىيە دۆلتىنى زىيان تارتىدىغان ئۇرۇشقا تىقىپ قويۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ چوڭلىرى"تەلئەت، ئەنۋەر ۋە جامال " گىرمانىيەگە يۆتكىلىپ كېتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن مۇستاپا كامالنىڭ ئالدىدا يول كەڭرى ئېچىلىدۇ ۋە مەنسىپى توختىماي ئۆرلەيدۇ .لېكىن مۇستاپا كامالنىڭ1912 ـ يىلدىكى بالقان ئۇرۇشىدا مەغلۇب بولۇشىنىڭ سەۋەبى مۇستاپا كامالنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش لازىم، چۈنكى ئۇ ئەنۋەر باشا غەلبە شەرىپىگە ئېرىشىپ قالمىسۇن دەپ، جەڭدىن چىكىنىپ كېتىدۇ .ئاندىن ئۇ بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشى قوزغالغاندا ھىجاز زېمىنىنى ئىنگىلىزلاردىن قۇتقۇزىۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ، ھەربى پىلان بويىچە قۇددۇسنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە ھىجازنى قوربان بېرىش ۋەسىيەت قىلىناتتى20، لېكىن ئۇ سۇرىيەدىكى ئىنگىلىز قوشۇنىنىڭ قوماندانى لىنبى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ جەڭدىن چىكىنىدۇ ۋە تۈركلەرنىڭ مەغلۇب بولىشىغا سەۋەب بولىدۇ21.

بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىدۇ، ئىتتىپاقداشلار قوشۇنى ئىستانبولنى بېسىۋالىدۇ .فىرانسىيە ئارمىيسىنىڭ گىنرالى"دىسبرى 466 "يىل ئىلگىرىكى سۇلتان مۇھەممەد پاتىھنى دوراپ ئىستانبول شەھىرىگە ئاق ئېتىغا مىنىپ كىرىدۇ22.

لېكىن قورچاق سۇلتان مۇھەممەد ۋەھىددىن سادىس خورلۇققا سەۋر قىلالمىغانلىقى ۋە ئىتتىپاقداشلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن،

كېتەرلىك ئىقتىساد بىلەن تەمىنلىگەن مۇستاپا كامالغا تايىنىدۇ23 .شۇنداقلا ئۇنىڭ قولىنى ئەركىن قويىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئەنگىلىيە قوشۇنىغا قارىشى ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئانازۇل ئارمىيىسىنىڭ ئالى مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ . مۇستاپا كامال سۇلتان مۇھەممەدنى 120 مىڭ ئالتۇن لىرا بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى 24 .

قورچاق سۇلتان مۇستاپا كامالنىڭ ئىلگىرىكى خىيانەتلىرى ۋە ئىنگىلىزلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقانلىقىغا كۆز يۇمغاندەك تۇرىدۇ .لېكىن ئەنگىلىيە تۈركىيەنىڭ ئانازۇل شەھرىدە قوزغالغان مۇشكىلىنى)مەسىلىنى (مۇستاپا كامال ـ 1917 يىلى پەلەستىنگە قوماندان ۋاقتىدا، مۇستاپا كامال ئوتتۇرغا قويغان تەلەپ بويىچە بولىۋاتىدۇ، ئۇ ياردەم بېرىش بەدىلىگە سەلتەنەت ۋە خىلاپەتلىككە قارىشى ئىنقىلاب قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى .بۇ كۆز قاراش تەستىقلاشقا ئەڭ يېقىن كۆز قاراشتۇر، چۈنكى ئەنگىلىيە مۇستاپا كامالنىڭ ئىستانبولدىن)مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندىن كېيىن (دېڭىز ئارقىلىق سامسۇن شەھرىگە چىقىپ كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلمىغان. 25

"بىردىن بىر ئادەم"دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى"سۇرەييا ئىيدىمىر "ئىنگىلىزلارنىڭ بۇ قىلمىشىدىن ھەيران قالغان، ئەنگىلىيە گىنرالى لىنبى مۇستاپا كامالنى ئىراقنىڭ مەۋسىل شەھرىگە يېقىن جايدىكى ئالتىنجى ئارمىيەنىڭ قوماندانلىقىغا نامزات كۆرسەتكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقتىمىزدا يوقۇرىقى ھەيرانلىق يوقايدۇ، چۈنكى نفت ۋە ئەنگىلىيەنىڭ نوپۇزى بار ئورۇندا، ئىنگىلىزلار ئاسان مۇئامىلە قىلالايدىغان بىر شەخسنىڭ بولىشى لازىم ئىدى26.

ئەمەلىيەتتە، مۇستاپا كامال مەۋسىل شەھرىدە خەلقنى ھەربى مۇستەملىكىگە قارىشى كۈشكۈرتتى، ئىنگىلىزلار سۇلتاندىن مۇستاپا كامالنى مەۋسىل رايۇنىنىڭ

قوماندانلىقىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا تەلەپ سۇندى .ئاخىرقى شەيخۇل ئىسلام مۇستاپا سەبرى :گەرچە مۇستەملىكە قوشۇنلىرى سىقىلسىمۇ سۇلتان مۇستاپا كامالنى خىزمىتىدىن ئايرىۋېتىشتە ئىككى ئاي ئارقىغا سوردى ۋە ئۇنى ئىستانبولغا قايتىپ كېلىشكە چاقىردى .لېكىن ئۇ قايتقىلى ئۇنىمىدى.سۇلتان ئۇنىڭغا ياخشى گۇماندا بولىۋەردى ۋە":ۋەتەنگە خىزمەت قىلىپ، مېنىڭ ئەرشىمنى ئالسا مەيلى"دەپ كەتتى27 .شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەنۋەر باشا سۇلتانغا مۇستاپا كامالنى ئانازۇلغا ئەۋەتىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىگى ۋە مۇستاپا كامالنىڭ بارلىق خاپىلىقنىڭ بېشى بولىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تېلگىرامما يوللىغان28.

مۇستاپا كامال ھەربىي مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، شۇ رايۇندىكى ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ئۇچۇن ـ 1918 يىلى" ئارزۇيۇم "قۇرۇلتىيى، ـ 1919يىلى يەنە بىر قۇرۇلتاي ئېچىشقا ئالدىرايدۇ .قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار : دۆلەت زېمىنىنى ۋە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش، مۇستەملىكىگە قارشى تۇرۇش ...دېگەن ۋەسىيەتلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ .ئۇلار تەشكىلاتىنىڭ ئىسمىنى"ئانازۇل ۋە روملىنىڭ شەرقىنى مۇداپىئە قىلىش"نامىغا ئۆزگەرتىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى:دۆلەتنىڭ باشقا رايۇنلىرى بىلەن كارى بولماسلىق ۋە پەقەت تۈرك رايۇنلىرىنى قوغداش دېگەن بولىدۇ29 .مۇستاپا كامال بۇ جەمىيەتكە رەئىس بولۇپ سايلىنىدۇ.

تىياتېرنىڭ پەردىلىرى داۋاملىشىپ، مۇستاپا كامال ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسى ئىتتىپاقداشلارنىڭ قورال ـ ياراق ئامبىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، قولغا چۈشۈرگەن قوراللارنى غەنىمەت سۈپىتىدە ئانازۇلغا ئەۋەتىدۇ .

ئىنگلىزلار بۇ مەسىلىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنى ئىستانبولنى بېسۋېلىشقا، مۇستاپا كامالنى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنى تۈرمىگە تاشلاشقا؛ پارلامېنتنى

بىكار قىلىپ تاشلاشقا؛ بەزى ئەزالىرىنى سۈرگۈن قىلىشقا؛ گېزىت، پوچتا، تېلگىراف ئىشلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ .قولىدا ھېچقانداق ھوقۇق يوق سۇلتانىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ .ئاندىن ئەنگلىيە قوشۇنى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان مۇستاپا كامال قوشۇنى بىلەن ئېلىشماي كونا شەھەر ۋە قونيە شەھىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ .شۇ سەۋەبلىك كىشلەرگە ئىككى گازارما ئاشكارا بولىدۇ، بىرسى سۇلتان ۋە ئىنگلىز مۇستەملىكە كۈچلىرى گازارمىسى، يەنە بىرسى كۆرەشچى مۇستاپا كامال ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ گازارمىسى.30

ۋەتەن كۆرەشچىسى مۇستاپا كامال ئەنقەرە شەھىرىنىڭ مۇپتىسىغا ئىستانبول مۇپتىسىنىڭ پەتىۋاسىنى ئېيپلەيدىغان پەتىۋا چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىستانبول مۇپتىسى":كامالچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش لازىم .چۈنكى كامالچىلار، سۇلتان ۋە ھۆكۈمەت ئىنگلىزلار تەرىپىدىن مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قالغان "دەپ قارايدۇ31)يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزلارنىڭ قولى ئارقىلىق ھۆكۈم سۈرىۋاتقانلار دېمەكچى.(

ناھەق ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشقا مۇھتاج بولۇپ قالغاندا دىنغا بويسۇنۇش )يەنى دىننى قالقان قىلىش (داۋاملىق مۇناپىقلارنىڭ ھىلىسى .شۇنداقلا مۇستاپا كامال ئەنقەرە شەھىرىدە پارلامىنت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ .ئۇ يوقىرى ئاۋازى بىلەن":قوللىنىۋاتقان تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى خىلاپەت ۋە سەلتەنەتنى ساقلاپ قېلىش، سۇلتان ۋە شەھەرلەرنى ياتلارنىڭ قۇل قىلىشىدىن ئازات قىلىش"دەپ جار سالىدۇ32.

ئىنگلىزلار مۇشۇ ئارىلىقتا"سېفىر "شەرتنامىسىنىڭ ماددىلىرىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ، بۇ شەرتنامە ئوسمانىيە دۆلتىنىڭ كۆپ زېمىنلىرىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ

قىلدۇ .سەۋەبى قولىدا ھېچقانداق ھوقۇق يوق كامالچىلار تىكلەپ قويغان سۇلتاننى خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ يامان كۆرسىتىش ۋە مۇستاپا كامالنىڭ قەھرىمانلىق شەرىپىنى تېخىمۇ يوقىرى كۆتۈرۈش مەقسەت ئىدى .شۇڭا ئۇلار ۋەتەنپەرۋەر مۇستاپا كامالنى قوراللاندۇرۇش ۋە قورال بىلەن تەمىنلەشكە كۆز يۇمدۇ33 .

لېكىن مۇستاپا كامال دېگەن ئىككى يۈزلىمچى":ھوقۇق ۋە خىلاپەتلىك توغرىسىدىكى پىكىرىدىن يېنىۋالدۇ، ئەنقەرەدىكى يېڭى مەجلىس ئەزالىرى ئالدىدا، ھوقۇق)ھۆكۈمرانلىق (بىلەن خىلاپەتلىكنى ئايرىش لازىم، بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلمىغانلارنىڭ كاللىسىنىڭ ئېلىنىشى مۇمكىن دەپ ۋاقىرايدۇ34 ."ئۇ" خىتابە " نامىلىق كىتاۋىدا:بۇ ئىككى ھوقۇقنى ئايرىش بىرىنجى پىلاننىڭ ئاساسلىق نوقتىسى ئىدى، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ35 . سىزنىڭچە ئىككىنجى پىلان قايسىدۇ؟

بۇخەتەرلىك ئىلگىرلەشلەردىن كېيىن، ئەنگىلىيە شەرقنىڭ بۇمەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن لوندۇن قۇرۇلتىيى ئېچىشقا چاقىرىپ، ئىستانبول ۋە ئەنقەرەگە ئايرىم چاقىرىق ئەۋەتىدۇ .قۇرۇلتايدا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەنقەرە ئۈمىكى كۈچلۈك كېلىدۇ، بۇ قۇرۇلتاينىڭ نەتىجىسىدە مۇستاپا كامال فىرانسىيەلىكلەرگە سۈرىيەنى زېمىننى، روسلارغا باتۇم زېمىننى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىدۇ36 .بۇ ۋاز كېچىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر يۇنان)گىرىتسىيە(نى ئىستانبولغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ، ئاندىن ئىستانبول بىلەن كارى بولمايدۇ.گىرىتسىيەلىكلەر ھۇجۇمى توختاپ چېكىنىشكە باشلايدۇ، چۈنكى مۇستاپا كامال گىرىتسىيەلىكلەر چېكىنىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ بولغان ئىدى .غەربنىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى مۇستاپا كامالنى شەھەرلەرنى تەقلىدى دۈشمەندىن قۇتقۇزۇۋالغۇچى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن

تەشۋىقاتنى بەك زورايتىۋىدۇ ۋە ئۇنى مىللى قەھرىمان قىلىپ كۆرسىتىدۇ .بۇ يەردە مۇھىم بىر سوئال تۇغۇلىدۇ :دۈشمەن تەسلىم بولمىسا ياكى تېخى چېكىنمىسە قانداق بولۇپ ھەربى قوماندان ئۇرۇش توختىتىشقا بۇيرۇق چىقىرىدۇ؟ ئەگەر بۇ يەردە ئارمىيەلەر ئارىسىدا ئىلگىرى پىلانلانغان كېلىشىم بولمىسا، بۇنىڭ مەنىسى ئەسكەرلەرنى گىرتسىيەلىكلەرنىڭ قورالىرى ئاستىغا تۇتۇپ بەرگەنلىك بولىدۇ ياكى بولمىسا ئىنگىلىزلارنىڭ مىللى قەھرىمان ياساپ چىقىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولىدۇ .!مۇشۇ ئويۇندىن كېيىن ئىتتىپاقداشلار مۇستاپا كامالنىڭ تاراقىيا شەھرىگە ھۇجۇم قىلىشىغا قارىشى تۇرغان كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلىشتى، ئەنگىلىيە ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇش ۋە گىرتسىيەلىكلەرنىڭ چېكىنىشى ئۈچۈن ئوتتۇرغا چۈشتى . 37 تېخىمۇ قىزقارلىق يېرى شۇكى، ئىنگىلىزلارنىڭ دېڭىزدىكى ھەربى پاراخوتلىرى ئانازۇل ئاھالىسىدىن قېچىۋاتقان گىرتسىيەلىكلەرنى يۆتكەش كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلىشتى.38

بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان ئەنگىلىيە ئۆز ئىرادىسى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىزمىر شەھرىنى مۇستاپا كامالغا ئۆتۈنۈپ بەردى، سەۋەبى مۇستاپا كامالنى ئىسلام دۇنياسى ئالدىدا غازى، قەھرىمان ۋە غەلىبە قىلغۇچى قىلىپ كۆرسىتىش ئىدى .ئىزمىرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ مۇستاپا كامالغا بىرقانچە شەرتلەرنى قويۇشتى39 .

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، مۇستاپا كامال بۈيۈك ۋەتەن مەجلىسى)پەنى پارلامىنت(ئەزالىرىغا، ناۋادا ئوسمانىيە خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىكرىگە قوشۇلمىسا، ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى40 .مانا بۇ ئەنگىلىيە ياساپ چىققان ئاتالمىش مىللى قەھرىمان مۇستاپا كامالنىڭ پارلامىنت ئەزالىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى...

بۇ بىر قانچە قېتىملىق ياساپ چىقىلغان كارتون ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن، ئىتتىپاقداشلار ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ مەسىلىسىنى ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلتاي ئېچىشنى قارار قىلىدۇ .بۇ قۇرۇلتايمۇ يەنىلا مۇستاپا كامالنىڭ ئورنىنى ۋە سېپىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە خەلق پىكرىنى ئۇنىڭغا تارتىش ئۈچۈن بولىدۇ ـ 1924 . يىلى شىۋىتسارىيەدە قۇرۇلتاي ئېچىلىدۇ، ئەنگلىيە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى لورد"كىرزون "تۈركىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تۆت شەرتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .ئۇ شەرتلەر" :خەلىپىلىكنى يوق قىلىش، خەلىپىنى پالاش، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە ئىسلام دىنىنى دۆلەت ۋە هايات ئىشلىرىدىن ئايرىپ تاشلىغانلىقىنى ئىلان قىلىشتىن ئىبارەت.41"

لېكىن شەيخۇل ئىسلام مۇستاپا سەبرى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتىغا ئاساسەن، مۇستاپا كامالنىڭ قۇرۇلتايدا" :خەلىپىلىكنى بىكار قىلىش، دۆلەتنىڭ ئىسلام بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش، قېلىپ قالغان بارلىق ئىسلامى ئۇنسۇرلانىڭ هەرىكىتىنى توختۇتۇش ۋە ئىسلام قانۇنىنى غەرب قانۇنىغا ئالماشتۇرۇش ...تەلىۋىنى ئۆزى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ42 .مۇستاپا كامال يوقىرىقى ئىشلارنى ئىجرا قىلىشنى ئىسمەت ئىينوغا تاپشۇرغان ۋە ئۇ سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى ئىنگلىزلارنىڭ ـ گەرچە ئىستانبولدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلسىمۇ ـ قارارىغا قارىشى تۇرماسلىقنى تەكىتلىگەن43 .ئىنگلىزلار مۇستاپا كامالنىڭ ۋاز كېچىشلىرى بىلەن كۇپايىلەنگەن، پەقەت ئىستانبولدىكى يوقۇرى مەرتىۋىلىك پوپىنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى شەرت قىلغان44.

بەزىلەر، مۇستاپا كامالنىڭ سەلتەنەت ۋە خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى"هۆكۈمەتنىڭ قوش بولۇپ قېلىشىنى بىر تەرەپ قىلىش، سىيفىر شەرتنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىنگلىزلارنىڭ يولىنى توسۇش ۋە تۈركىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش "ئۈچۈن دەپ خاتا تەسەۋۋۇر قىلىپ قالدۇ .بۇ تارىخى كۆز قاراشلارنىڭ هەممىسى ئىسلام ئېخى ۋە ئىسلام قەلىمى بىلەن يېزىلمىغان بەلكى روس ۋە ئىنگلىزلارنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان بۇرمىلانما تارىخ.

مۇستاپا كامال ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن بۈيۈك ۋەتەن مەجلىسى)ئوسمانىيە پارلامىنتى(نى بىكار قىلىپ تاشلاپ، لوزان ئەهدىنامىسىگە قوشۇلىدىغان ۋە ئۆزىنى قوللايدىغان پارلامىنت شەكىللەندۈردى .ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، خىلاپەتلىك قۇرۇلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۈركىيە جۇمهۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئىلان قىلىنغاندا ئاران 40 ۋەكىل) يەنى پارلامىنت ئەزاسى (يىغىلىشقا قاتناشقان45 .ئاران 40 خەلق ۋەكىلى كەلگەن بۇ مەجلىس خەلىپىلىكنى بىكار قىلىپ تاشلايدىغان، خەلىپىنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ سۈرگۈن قىلىدىغان، ۋەقپە مىنىستىرلىكىنى ۋە دىنى مەكتەپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان429 ، 430ۋە ـ 431 نومۇرلۇق قارارلارنى چىقىرىشقان46.

قانداقتۇر بەزى تارىخچىلار، مۇستاپا كامالنىڭ بۇ ئىشلىرىنى"تۈرك مىللىتى ئۈچۈن غەلىبە، مۇستاپا كامال ئەنگلىيە ۋە ئىتتىپاقداشلىرىغا رىقابەت ئىلان قىلالىغان "دەپ تەسۋىرلىشىدۇ .پايتەختنى ئىستانبولدىن ئەنقەرەگە يۆتكەپ كەتكەنلىكىنى ئىستانبول شەهىرىنى قورالدىن تازىلاش ۋە ئۆتمۈشتىن قۇتۇلۇش دەپ سۈپەتلىشىدۇ..!

هەقىقەتتە، مۇستاپا كامال يوشۇرۇن مۇناپىقلىقى ئارقىلىق كۆپ ساندىكى

كىشىلەرنى ئالداپ كېتەلىدى، سۇلتان ئابدۇلھەمىد شۇنداق ئۆتكۈر تۈرۈپ جىناق قەلئەسى كۆرىشىدە مۇستاپا كامالنىڭ ئىتتىپاقداشلاردىن غەلىبە قىلغانلىقىغا ئىشىنىپ قالغان، بەلكىم شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئارزۇسى، شۇ يالغان غەلىبىگە ئىشىنىشكە سەۋەب بولغان بولىشىمۇ مۇمكىن47 .بەزى شائىرلار ئىشىنىڭ تېگىنى ئۇقماي تۈرۈپلا مۇستاپا كامالنى مەڭگۈلۈك تۈرك قەھرىمانى دەپ مەدھىلىگەن، لېكىن ئۇلار مۇستاپا كامالنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا قارىشى تۈرغانلىق ئىش- ئىزلىرى ئايدىڭلاشقى تۇرغاندىن كېيىن گاڭگىراپ قالغان.

تۈرك تارىخشۇناس ئىھسان ھەققى بۇ ھادىسىلەرگە ئىلاۋە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ":مەن مۇستاپا كامالنىڭ ئىنقىلاۋى بىلەن بىر زامانداش ياشىدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەسىرلەندىم .مۇسۇلمانلار ئاجىز ۋە مۇستەملىكە ئاستىدا بولغاچقا مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئالداندىم .لېكىن كامال مۇسۇلمانلارنىڭ تۇيغۇسى ۋە ماللىرىدىن پايدىلاندى، ئۇ مۇسۇلمان قىياپىتىدە كۆرۈنىدىغان ئىدى، چۈنكى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بىر ئاز ئىلگىرى سەھى بۇخارىنى ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى. 48"

گىرمانىيەلىك شەرقشۇناس ئىسلام دۈشمىنى بىروكلىمان:مۇستاپا كامالنىڭ ھىممىتىنىڭ توختاپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ، ئەگەر مۇستاپا كامال ئىستانبولنى ئىسلامنىڭ روھى مەركىزى سۈپىتىدە ساقلاپ قويغان بولسا، تېخىمۇ كۆپ پايدا ئالغان بولاتتى، دەيدۇ49.

لېكىن مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلامغا تۇتقان مەيدانى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، ئۇ لوزان ئەھدىنامىسىنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا ۋەتەن مەجلىسگە)يەنى پارلامىنت(خىتاب قىلىپ":ئەمدى تۈركىيە ئۆز مەنپەئەتىگە قاراپ، ھىندىلار، ئەرەبلەر ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن كارى بولمايدىغان ۋە ئۆزىنى ئىسلام دۆلەتلىرىگە داھى بولۇشتىن قۇتقۇزىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى "دەيدۇ50.

بۇ يەردە شۇنى ئىشارەت قىلىش كېرەككى، ئىنگىلىز خەلق ۋەكىللىرىنىڭ بىرسى تۈركىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ئېتىراز بىلدۈرگەندە، ئەنگىلىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لورد كىرزون جاۋاب بېرىپ ":تۈركىيە تامامەن تۈگەشتى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، چۈنكى بىز تۈركىيەنى مەنىۋى كۈچ ئىسلام خەلىپىلىكىدىن ئايرىۋەتتۇق"دەيدۇ51.

مۇستاپا كامال ياۋرۇپانىڭ تەخمىنەن يەتتە ئەسىر ئۇرۇنۇپ ئېرىشەلمىگەن ئارزۇلىرىنى ئەمەلىيەتكە ئاشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، مۇشۇ دائىرىدە توختاپ قالدىمۇ ياكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلەن توختىماي قارشىلىشىپ كەلدىمۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا كۆرىمىز...

---

پايدىلانغان مەنبەلەر:

- " [1]بوت ئادەم "نامىلىق كىتابنىڭ، -346بېتىگە قاراڭ .بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى تۈركىيەلىك بىر ئوفىتسىر بولۇپ، مۇستاپا كامال بىلەن بىر زاماندا‌ش ياشىغان، هاياتىدىن ئەنسىرەپ كىتابقا ئەينەن ئىسمىنى يازماي" سابىق تۈركىيە ئوفىتسىرى "دەپ نام قوللانغان.بۇ كىتاب مۇستاپا كامالنىڭ تارىخىنى بىلىشتە مۇهىم رول ئوينايدۇ .هازىرغا قەدەر تۈركىيەدە مۇستاپا كامالنى ئەيىپلەش ۋە تەنقىد قىلىش جىنايەت هېساپلىنىدۇ.

2-يىلماز ئوزتونانىڭ":ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى "نامىلىق كىتاۋى، -2 جىلد، -148بېتىگە قاراڭ.(

3-يىلماز ئوزتونانىڭ ":ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى "نامىلىق كىتاۋى، -2 جىلد، -171بېتىگە قاراڭ.(

4-سۇلتان ئابدۇلهەمىدنىڭ ئەسلىمىلىرىگە قاراڭ.

5 ـ ئەھمەد شاۋابكىنىڭ":ئىسلام بىرلىك ھەرىكىتى"ناملىق كىتاۋىنىڭ، 308 ـ بېتىگە قاراڭ.

6 ـ تۈركشۇناس دوكتۇر مۇھەممەد ھەربىنىڭ":ئوسمانىلار تارىخ ۋە ھەزارەتتە " ناملىق كىتاۋىنىڭ، ـ 38بېتىگە قاراڭ .

7 ـ نەجىب قەيسە كورك نىڭ" :سۇلتان ئابدۇلھەمىد سانى ۋە يەھۇدىلار "ناملىق كىتاۋىنىڭ، 67 ـ قاراڭ.

8 ـ مۇھەممەد سالاھىددىنىنىڭ ":ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتىنىڭ خىلاپەتلىكنى يوقۇتۇشتىكى رولى"ناملىق كىتاۋىنىڭ، 40 ـ بېتىگە قاراڭ.

9 ـ سۇلتان ئابدۇلھەمىدىنىڭ ئەسلىمىلىرى، 143 ـ بەت.

10 ـ يوقىرىقى مەنبە، 186 ـ بەت.

11 ـ سابىق تۈرك ئوفېتسىرىنىڭ":بۈت ئادەم"ناملىق كىتاۋىنىڭ، ـ 1قىسمى، 37 ـ بېتىگە قاراڭ.

12 ـ يوقىرىقى مەنبە، 46 ـ 44بەتكە قاراڭ.

ـ 13يوقىرىقى مەنبە ، ـ 50بەت.

ـ 14ئەلى ھەسسۇنىڭ":ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى"ناملىق كىتاۋىنىڭ، ـ 308بېتىگە قاراڭ.

" ـ 15بۈت ئادەم "ناملىق كىتابىنىڭ، ـ 60بېتىگە قاراڭ.

ـ 16ئەھمەد مۇستاپا نىڭ "ئوسمانلارنىڭ ئەسلىسى"ناملىق كىتاۋىنىڭ، ـ 301بېتىگە قاراڭ.

ـ 17روبىر مانتىرانىڭ"ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى "ناملىق كىتاۋىنىڭ، ـ 2 جىلد، ـ 245بېتىگە قاراڭ.

" ـ 18بۈت ئادەم، ـ 90بەت.

ـ 19سۇلتان ئابدۇلهەمىدنىڭ ئەسلىمىلىرى، ـ 136بەت .

"ـ 20بۇت ئادەم ـ 86 "بەت.

ـ 21ئابدۇلئەزىز شەناۋىنىڭ "ئوسمانىيە دۆلىتى تۆھمەت قىلىنغان ئىسلام دۆلىتى " نامىلىق كىتاۋىنىڭ، ـ 1قىسىم، ـ 253بېتىگە قاراڭ.

ـ 22يوقىرىقى مەنبە، ـ 245بەت.

" ـ 23بۇت ئادەم"، ـ 129بەت.

ـ 24مۇھەممەد فەرىد":ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى"، ـ 747بەت.

" ـ 25بۇت ئادەم"، ـ 125بەت.

ـ 26يوقىرىقى مەنبە، ـ 105بەت.

ـ 27مۇھەممەد فەرىد":ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى ـ 749 "بەت.

" ـ 28بۇت ئادەم ـ 181 "بەت.

ـ 29شەناۋىنىڭ":ئوسمانىيە دۆلىتى تۆھمەت قىلىنغان دۆلەت"نامىلىق كىتاۋىنىڭ، ـ 250بېتىگە قاراڭ.

ـ 30ئەلى ھەسسۇنىنىڭ "ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى ـ 319 "بەت.

ـ 31شەناۋىنىڭ يوقىرى كىتاۋى، ـ 263بەت.

ـ 32ئەلى ھەسسۇنىنىڭ "ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى"، ـ 320بەت.

ـ 33يوقىرىقى مەنبە، ـ 321بەت.

" ـ 34بۇت ئادەم ـ 2 "قىسىم، ـ 259بەت.

" ـ 35بۇت ئادەم ـ 2 "قىسىم، ـ 257بەت.

ـ 36ئەلى ھەسسۇن "ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى"، ـ 322بەت.

ـ 37يوقىرى مەنبە، ـ 324بەت.

ـ 38شەناۋىنىڭ، يوقىرىقى كىتاۋى، ـ 275بەت.

39 ـ مۇستاپا سەبرىنىڭ "ئوسمانىيە خىلاپىتىنىڭ يىقىلىشىدىكى يوشۇرۇن سىرلار "ناملىق كىتاۋى، 33 ـ بەت.

40 ـ ئەلى ھەسسۇن"ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى"، 325 ـ بەت.

41 ـ يوقىرى مەنبە، 326 ـ بەت.

42 ـ مۇستاپا ھىلمىنىڭ، )كىتابىنىڭ ئەسلىسى مۇستاپا سەبرىنىڭ "(يوشۇرۇن سىرلار "ناملىق كىتاۋىنىڭ، 265 ـ بېتىگە قاراڭ.

43 ـ "بۇت ئادەم 2 ـ "قىسىم، 270 ـ بەت.

44 ـ يوقىرىقى مەنبە، 276 ـ بەت.

45 ـ ئەلى ھەسسۇن، 327 ـ بەت.

46 ـ "بۇت ئادەم 298 ـ "بەت.

47 ـ سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ ئەسلىمىلىرى، 260 ـ بەت.

48 ـ مۇھەممەد فەرىد "ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى"، 754 ـ بەت.

49 ـ كارىل بروكلمان"ئىسلام خەلقلىرىنىڭ تارىخى 696 ـ "بەت.

50 ـ "تۈركىيە ۋە شىمالى شە ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى 37 ـ "بەت.

51 ـ ئەلى ھەسسۇن، 327 ـ بەت.

## مۇستاپا كامالنىڭ ھەقىقىتى ۋە رولى

**(2)**

مۇستاپا كامالنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ۋە قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلىرى

مۇستاپا كامالغا يېقىن ۋە ئۇنىڭ باياناتلىرىنى خاتىرلەيدىغان"مۇفىد كانسۇ"ئىسلىملىك بىر كىشى مۇنداق دەيدۇ 1919 ـ ":يىلى مۇستاپا كامال كەلگۈسى ئارزۇلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن

قالدۇرۇش ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئىلان قىلىش، ئاندىن ئايال ـ قىزلارنىڭ يۈزى ۋە باشلىرىنى ئېچىۋېتىش، ئەرەب تىلىنى بىكار قىلىپ تاشلاش ۋە تەربۇش)باشقا كىيىدىغان دوپپا (كىيىشنى چەكلەيدىغانلىقى ھەققىدە توختالدى(1)."

يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان لوزان شەرتنامىسىگە ئاساسەن، تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن ئايرىپ تاشلاش ئۈچۈن مۇستاپا كامالنىڭ بىرىنجى قىلغان ئىشى :شەرىئەت ۋە شەرىئەت قۇرۇلمىسىنى يىراقلاشتۇرۇش، ئىسلام قانۇنىنى جەمىيەتتىن چىقىرىپ تاشلاش، مەدەنى قانۇننى، ئىلمانىزم مائارىپ تۈزۈمىنى ۋە لاتىن ھەرىپىنى قوللىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس .شۇڭا ئۇ مەسجىدنىڭ سىرتىدا ئىسلامى پورما كىيىشنى چەكلىدى، ئايا سوفىيا جامەئەسى ۋە سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ جامەئەسىنى تاقاپ، مۇزىيخانىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇجامىئەدە ناماز ئوقۇشنى چەكلىدى .قۇرئان كەرىم ۋە ئەزاننى تۈركچە ئوقۇشنى بىكىتتى، شۇنداقلا مىللى ئەسەبىيەتچىلىكنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەشەببۇس قىلدى .(2) بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلىپ قالماي، ئېمىلدەش بىر تۇققانلار ئارا توي قىلىشقا ـ گەرچە بۇ مەسىلە مۇستاپا كامال قوللانغان شۋىتسارىيە قانۇنىدا چەكلىنىدىغان بولسىمۇ ـ رۇخسەت قىلدى .(3)فىرانسىيەلىك يازغۇچى)مورىس بەرنۇ "(ئاسىيا ئىسلام دۇنياسى"ناملىق كىتاۋىدا مۇستاپا كامالنىڭ نادانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق يازىدۇ":مۇستاپا كامال قوللانغان شۋىتسارىيەنىڭ مەدەنى قانۇنى رىم ۋە خرىستىيان مەنبەسىدىن پەيدا بولغان قانۇن .قەدىمى قانۇنلارنىڭ ھەر بىر ئەۋلادلارغا ماس كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېڭىلىق يارتىشى لازىم بولسا، ھەر دەۋرىدىكى خەلقلەر داۋاملىق قانۇنلارنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى.(4)"

مۇستاپا كامال سەللىلىك دىن ئىزلەيدىغان گورۇھنى باستۇرۇۋېتىدىغان

نىيتىنىڭ بارلىقىنى خەلق ئاممىسى ئالدىدا ئىلان قىلغان ۋە ئۆزى بۇ ئىشقا باش بولۇپ ئىجرا قىلغان5 .ئەسكەرلەرنىڭ قەدىمقى تۇران مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇشقا پەرمان چۈشۈرگەن6 .تۈركىيە جەمىيىتىدە غەربلىشىشنىڭ يىلتىزى ئۆزگەرتىش پەيدا قىلغانلىقىدىن ئەنگلىيەنىڭ پادىشاھى)جورج ئالته (تۈركىيەنى زىيارەت قىلغاندا ھەيران قالغان .چۈنكى تۈركىيە كۆرنىشى، يېزىقى، تىلى ۋە دىنىنى يوقاتقان ئىدى، لېكىن ئەنگلىيە مۇستەملىكە قىلىۋالغان ئەللەردە مۇنداق ئىش تېخى يۈز بېرىپ باقمىغانىدى7.

ئوسمانلار دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى شەيخۇل ئىسلامى مۇستاپا سەبرى مۇستاپا كامال توغرىسىدا توختىلىپ":ئەنگلىيە جىددى ئىزدىسىمۇ مۇنداق بىر ئادەمنى قايتىدىن تاپالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئادەم ئىسلامنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تەرەپلىرىنى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆرۈپ تاشلىدى، ئەنگلىيە ئۆزى قىلغان بولسا ئۇنچىلىك قىلالمايتتى .شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىتىقدارى ئاشكارىلانغاندا، ئەنگلىيە ئۆز ئورنىدا ئۇنى تۈركىيەگە ۋەكىل قىلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى يۇرتىمىزدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى"دەيدۇ8.

مۇستاپا كامالنىڭ شەخسى ئىستىلىغا كەلسەك، باش قايدۇ .بەزى ئوسمانلار سۇلتانلىرىنى پاسىق ۋە ھاياسىز دەپ گومان قىلغان مۇستاپا كامال ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئۇلارنى بېسىپ چۈشكەن".جانقايا قەسرى "بۇزۇقچىلىق ۋە رەزىللىكنىڭ بازىسىغا ئايلىنىپ قالغان، بەچچىۋازلىق ئەۋج ئالغان، مەكتەپ قىزلىرىنى بۇلاپ باسقۇنچىلىق قىلغان، مەسئۇللار ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرىش بەدىلىگە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن پاھىشە قىلغان ۋە قەسرىنى يالىڭاچ ئۇسۇلچى ئاياللار بىلەن توشقۇزىۋەتكەن .ئۇنىڭدىن سىرت كۆنلىكى ھاراققا زاباياشقان، مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكلىرىنى ئوغرىلىغان، تېرىلغۇ يەرلىرىنى

بۇلغان، شەخسى مال ـ مۈلكلىرىنى دۆلەتكە ساتقان، قارشى ئىدىيەدىكىلەرنى سۈيقەست قىلىپ يوقاتقان ۋە ئەزەربەيجاننى روسلارغا سېتىۋەتكەن9.

مۇستاپا كامال ئىراننىڭ شاھى ئەنقەرەنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇنىمۇ مۇشۇ رەزىللىكە قاتناشتۇرماقچى بولۇپ، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇلىشى ئۈچۈن پاھىشىدىن بىرنى تەقدىم قىلغاندا، ئىران شاھى رەت قىلغان10.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇستاپا كامال مەس ھالەتتە بىر مېھمانخانىدىن چىقىۋاتقان ۋاقىتتا ناماز بامداتنىڭ ئەزىنىغا تۇغرا كېلىپ قالغان، ئۇ رەسۇلۇللاھ ئىسمىنىڭ ھەر ۋاقىت دۇنيادا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان شۆھرىتىدىن ھەيران بولۇپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئاشۇ مەسجىدنىڭ مونارىنى ئېلىپ تاشلاشقا بۇيرۇغان11.

شۇندىن كېيىن شەھەرنىڭ ھەر بىر مەيدانلىرىغا ئۆزىنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەشكە باشلىغان .ئۇ ئىسلام دىنى تۈركلەرنىڭ دىنى، ئىسلام دېگەن بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئارىسىدىكى يۈرەك ئالاقىسى دەپ غەربچە يېڭى ئىزاھاتنى كۆتۈرۈپ چىققان .مۇستاپا كامال كىچىكىدىن تارتىپ ئائىلە خاتىرجەملىكى ۋە مۇقىملىقىنى ھېس قىلمىدى، بۇ ئىستىل ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى چاپلاشتى .گەرچە ئۇ باي ۋە ئەسلى ئائىلىدىن توي قىلغان بولسىمۇ، ئايالى كامالنىڭ پاسىق ۋە بۇزۇقلىقى سەۋەبلىك تېزلا ئاجرىشىپ كەتكەن .ئايالىلار ئەركىنلىكى دەپ رەزىللىككە بولۇشىغا يول ئېچىۋەتكەن، قەسرىنى قىزلار بىلەن توشقۇزىۋەتكەن، ئادەتتە بىر قىز بىلەن ئاران ئىككى ھەپتە بىرگە بولغان12.

مۇستاپا كامال ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات جەمىيىتىنىڭ قارارىدىن كېيىن بىرىنجى قېتىملىق ئۇرۇشىدا شەخسى مەغلۇپ بولىشىدىن ئەنسىرەپ ئەسكەرلەرنىڭ باش قوماندانلىق مەنسىپىنى رەت قىلغان . ئۇزۇن ئۆتمەي ھەربى مەجلىس ئۇنىڭغا"غازى"دېگەن نامنى ۋە 4 مىليون لىرانى بەرگەن13ـ 1934 .يىلى ئائىلە

لەقەم قوللىنىش قانۇنىدىن كېيىن ۋەتەن جەمىيىتى ئۇنىڭغا" ئاتا تۈرك "دېگەن لەقەمنى بەرگەن14.

مۇستاپا كامال ئۆلىدىغان چاغدا ئەنگىلىيەنىڭ كونسۇلىنى چاقىرىپ كېلىپ":ئۇنى تۈركىيەگە رەئىس قىلىپ قويۇش "تەكلىۋىنى بەرگەن .بۇ خەۋەرنى ئەنگىلىيەنىڭ ساندايٍ تايىمز گىزىتى نەشىر قىلغان ۋە ـ 1968 يىلى ـ 2 ـ ئاينىڭ15 ـ كۈنى مىسىرنىڭ ئەھرام گىزىتى ئۇ خەۋەرنى مەزكۇر گىزىتتىن نەقىل قىلغان15.

1952 ـ يىلى ئىستانبولدا تۇرۇشلۇق مىسىر كونسۇلى"مۇستاپا سەئدەنى" :"مۇستاپا كامال ـ ئەگەر ياردەمچىلىرى ئاگاھلاندۇرمىغان بولسا ـ دۆلەتنىڭ رەسمى دىنى خىرىستىيان دىنىدۇر، دەپ ئىلان قىلىشقا جىددى ئويلىنىۋاتقان ئىدى"دەپ بايان قىلىدۇ16.

بۇ بۇت ئادەمنىڭ ھەقىقىتىنى پاتكان"جون بول ئىككى"دىن باشقىلار بىلمىسە كېرەك، پاتكان ـ 1979 يىلى تۈركىيەنى زىيارەت قىلغاندا":مەن ئاتا تۈركنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئىگىلىۋاتقان تارىختىكى بىرىنجى پاتكان، تۈركىيەنىڭ دىنى ۋە تارىخى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور"دەپ ئېنىق ئېيتقان17 .

## ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسى ۋە ۋەسىيىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى

مىكافىللىنىڭ"ئەمىر"ناملىق مەشھۇر ھىكايىسىدە مۇنداق بىر جۈملە سۆز زىكىر قىلىنىدۇ ":ھاكىمنىڭ ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋە يارامىلىقى ئەتراپىدىكى كىشلەرنىڭ ساپا ۋە خاراكتېرلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ .چۈنكى ئىشەنچىلىك، يارامىلىق ۋە ئەخلاقلىق سۈپەتلەر ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكىگە دەلىل بولىدۇ، ئۇنداق بولماي قالسا، بۇ مەسىلە ھاكىمنىڭ پىكىرىگە ئەكسى تەسىر بېرىدۇ18 .مۇشۇ ئۆلچەمنى

ئېتىبارغا ئالغاندا، مۇستاپا كامال ئەتراپىغا نېمە دېسە رەت قىلمايدىغان ۋە ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ھەقىقىتى ۋە ساقىيىش يولىنى ئېيتىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان كالتا كىسەرلىنى يىغىۋالغان .مەسىلەن، لوزان قۇرۇلتىيىغا ئەۋەتىلگەن مۇستاپا كامالنىڭ خاس ۋەكىلى ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى) ئىسمەت ئىنو(نىڭ يېتەكچىلىك رولى بولمىغان، لېكىن ئۇ فىرئەۋننىڭ ۋەزىرى يولى بويىچە ئۆلگىچە مۇستاپا كامالغا ساداقەتمەن بولۇپ كەلگەن .بۈيۈك ۋەتەن مەجلىسى)پارلامىنت (ئۇنى كامالدىن كېيىن جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكىگە سايلىغان، ئۇ 12 يىل ھۆكۈم سۈرگەن19 .دېمەك، ئۇ مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلامغا قارىشى تۇرۇش پرىنسىپىغا ئىزچىل ئىخلاسمەنلىك قىلىپ كەلگەن، شۇڭا ـ 1950 يىلىغىچە ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ يولىنى سىقىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن.

ئەدنان مۇندەرىس باش مىنىستىر بولغاندا خەلقنىڭ غەزىۋى قوزغىلىپ كەتمەسلىگى ئۈچۈن بىر ئاز كەڭچىلىك پەيدا بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە ئەزان ئەرەبچە تولىنىدىغان بولغان ۋە دىنى مەكتەپلەر قايتىدىن ئېچىلغان، لېكىن كامالچىلار دىنىي سىياسەتكە ئارىلاشتۇرۇشنى رەت قىلغان20.

ئۇنىڭ قارشىسىدا ئامېرىكا تۈرك ئىلمانىزىملارنى كاچاتلىغان، چۈنكى كونگىرىس)ئامېرىكا پارلامىنتى (تۈركىيەنىڭ غەربنىڭ سەددىقىلىرىگە ئېسىلىپ گاداي ياششى ئۈچۈن ئىسمەت ئىنو ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە بەش مىليۇن دوللار قەرز بېرىپ تۇرۇشنى رەت قىلغان ـ 1946 .يىلى ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى"دىن ئاتشتسۇن "تۈركىيەنى ھەربى جەھەتتىن قوللاشقا قارىشى تۇرغان، چۈنكى ئۇ ئىلمانىزم تۈركىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن21.

ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ھەقىقى مەقسىتىنى ئېنىق ئاشكارىلىغان، يەنى تۈركىيەنىڭ سانائەت جەھەتتىن تەرەققى قىلىپ كەتمەسلىگى ۋە يېزا ئىگىلىك دۆلەت سۈپىتىدە تۇرۇشى ئۈچۈن ئىقتىسادى ئىشلارنى ئىدارە قىلىشنى ئۆزىگە ساقلاپ قالغان22 .تۈركىيە ئىلمانىزىم يولۇنۇشى ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى قاتتىق قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ـ 1949يىلى ياۋرۇپا مەجلىسىگە، ـ 1952يىلى شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا، ئاندىن ـ 1964 يىلى ياۋرۇپا سودا بازىرىغا قاتنىشالىدى23 .

غەربنىڭ نەزىرىدە تۈركىيە ـ گەرچە ئىلمانىزىملىقى ئېنىق بولسىمۇ ـ يەنىلا ئىسلام دۆلىتى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە .ئەنگىلىيە تايمىز گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى تۈركىيەنىڭ ياۋرۇپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا بولۇش توغرىسىدا ماقالە يېزىپ مۇنداق دېگەن":ياۋرۇپا مەجلىسىگە تۈركىيەنى قوبۇل قىلىش ئادەمنىڭ كۆلگىسىنى كەلتۈرىدۇ، چۈنكى تۈركىيەدە ياۋرۇپا بىرلەشمىسىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، دىن ۋە تىلدىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتلىرى تېپىلمايدۇ."تۈركىيە ۋەكىلىنىڭ ياۋرۇپا مەجلىسىگە بەرگەن جاۋابىدا":خەلقئارا ئالاقە ئىشلىرىدا دىن مەسىلىسى ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقى كېرەك، چۈنكى تۈركىيە دىنى دۆلەت ئەمەس، ئىلمانىزمنى قوبۇل قىلغىلى چارەك ئەسىر بولدى، شۇنداقلا تۈرك تىلى ھىنگارىيە ۋە فىنلاندىيە تىل سېستىمىغا تەۋە، شۇڭا تۈركلەر ئۆزلىرىنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ"دېگەن24 .تۈركىيە ئىلمانىزم جۇمھۇرىيىتى ئىلان قىلىنغىنى 94 يىل بولغان بولسىمۇ، ياۋرۇپا ئىقتىسادى بىرلەشمىسىگە ھازىرغىچە تۈركىيەنى قېتىشنى رەت قىلىپ كەلمەكتە .

## خەلق ئويغىنىدۇ

كامالىزىم سىياسىتىدىكى ئازراق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە خەلق ئىسلام

قانۇننى تەلەپ قىلىدىغان ۋەزىيەت يارىتىلدى" .سالامەت "پارتىيىسىنىڭ رەئىسى پارلامېنت ئەزاسى نەجمىدىن ئەرباكان ـ 1977 يىلى مۇستاپا كامال قۇرغان خەلق پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈمەتتىكى ئىككىنجى ھوقۇق مەنسىپىگە يېتەلىدى .كامالچىلار بولۇپمۇ ھەربىيلەر بۇ ۋەزىيەتنى كۆتۈرەلمەي1980 ـ يىلى ھەربى ئىنقىلاب قوزغىدى، پارلامېنت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە سىياسى پارتىيەلەر بىكار قىلىنىپ تاشلاندى25 .ھەربىلەر ئىنژېنىر نەجمىدىن ئەرباكاننى ۋە ئۇ قۇرۇپ چىققان" سالامەت"پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى":ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشقا، شەرىئەتنى تەتبىقلاشقا، دىنى مەكتەپ ئېچىشقا، ئاياسوفىيا جامىئەسىنى قايتا ئېچىشقا ۋە ھەرپلەرنى ئەرەبچىگە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان "دېگەن تۆھمەت بىلەن ھەربى سوتقا تارتتى26 .ھەربىلەر ئىلگىرى بەزى سىياسىيۇنلارنىڭ كامالىزمدىن كەڭچىللىق قىلىپ خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئالدىرىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ .نەجمىدىن ئەرباكان ـ 1997 يىلى سايلامدا غەلىبە قازىنىپ باش مېنىستىر بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقاندا يەنە ھەربىلەر ھەربى ئىنقىلاب قوزغاپ بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى .مانا بۇ تۈركىيەدە ئاتالمىش دېموگىراتىيە..

تۈركىيە ياۋرۇپا خىرىستىيان ئائىلىسىگە ئەزا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى تۈركىيەنىڭ شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا قوشۇلىشىنى رەت قىلىپ كەلگەن ئىدى .تۈركىيە ـ 1952 يىلى ئەزا بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا تۈركىيەنىڭ ۋەتەن مەجلىسى(پارلامېنت)مەجلىسگە ئۇقتۇرماي سوۋېت ئىتتىپاقىغا جاسۇسلۇق قىلىش ئۈچۈن 100 ھەربى گازارما قۇرۇپ چىققان . تۈركلەر ئۇ گازارمىلارغا كىرىشتىن چەكلەنگەن، ئەسكەرلەرمۇ كىرەلمىگەن27 . دېمەك، ئىشەنمەسلىك مانا مەن چىقىپ تۇرغان .ئەدنان مۇندەرىس ھۆكۈمەت رەئىسى بولغان چاغدا، ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىلەرنىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىدا

تۈركلەرنىڭ قىممەتلىك قەدىمقى مىراسى كىتابلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالى گورۋپا تەشكىللىگەن ۋە جەمىيەتنىڭ ئىدىيىسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ"تىنچلىق تەشكىلاتى"ئالدىدا يولنى كەڭرى ئېچىۋەتكەن28.

ئامېرىكا رەئىسى جونسۇن ئىتتىپاقدىشى ئەدنان مۇندەرىسقا ئەگەر تۈركىيە قەبرىس)سىپروس(ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىپ قالسا تۈركىيەنى روسلارغا ئوۋ)قۇربان ( قىلىپ تاشلاپ قويىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالغان .تۈركىيە يوقىرىقى تەھدىتكە پىسەنت قىلمىغاندىن كېيىن ئامېرىكا رەئىسى نىكسوننىڭ ھۆكۈمىتى تۈركىيەگە ھەربى ئىمبارگو يۈرگۈزگەن .تۈركىيە ـ 1977 يىلى نەجمىدىن ئەرباكان مۇئاۋىن باش مېنىستىر ۋاقتىدا قەبرىسكە ھۇجۇم قىلغان ئىدى .تۈركىيەگە قارىتىلغان ھەربى ئىمبارگو رەئىس كارتىرنىڭ دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، سەۋەبى كارتىر فىروففېسور نەجمىدىن ئەرباكاننىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا"ۋەتەن قۇتقۇزۇش"پارتىيىسىنىڭ تۈركىيە يېزىلىرىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە ياشلارنى ئۆزىگە تارتىۋاتقانلىق خەتىرىنى ھېس قىلغان ئىدى29.

مۇستاپا كامالدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىلمانىزملارنىڭ مەسىلىسى ئۈلارنىڭ مەلۇمات ۋە ئىدىيە مەنبەسىدە .ئوسمانلار تارىخىدا مۇتەخەسسىس تارىخچىلارنىڭ بىرسى شۇنداق دەيدۇ":ياۋرۇپا ئوسمانلارغا مىلادىيە 16ئەسىردىن تارتىپ خىرىس قىلغان بولۇپ، ئوسمانلارنىڭ تارىخىنى دۈشمەنلىك شەكلىدە دەرسلىك قىلغان.مۇسۇلمان ئوغلانلىرى ھازىرقى دەۋردە يارۋپا ئەللىرىدە ئوقۇشقا يۈزلەنگىنىدە، ئوسمانلارغا دۈشمەن نەزىرى بىلەن قاراشنى ياۋرۇپالىقلاردىن قوبۇل قىلغان.30"

بۇ يەردە شۇنداق دېيىش لازىمكى، يارۋپادا ئوقۇپ كەلگەن )ھاكىملار، ئىلمانىلار (...ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام قانۇنلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرىنى

غەربىكلەردىن قوبۇل قىلغان، نەتىجىدە ئۆزلىرىمۇ ئازغان ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرغان .ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىدىكى ھاكىملارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك غەربتە ئىلمانىزم ئېڭى بويىچە تەربىيىلەنگەن ئىلمانىزمچىلار بولغاچقا خەلققە ئەركىنلىك بەرمەي مەنسىپىنى ساقلاش ئۈچۈن مۇستەبىتلىك بىلەن ھۆكۈم سۈرۈپ غەربنىڭ سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغانلار، چۈنكى ئۇلار شۇنداق تەربىيىلەنگەن...

دىيارىمىزدىكى كۆپلىگەن زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى مەلۇماتىنىڭ مەنبەسىمۇ روس ياكى غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان كىسەل مەلۇماتلاردىن ئىبارەت .بىر قىسىم ئەقلىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان زىيالىلار ياتلار نېمە دەپ بەرسە شۇنى تەكرارلاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ .ئىسلامنى، ئۆز تارىخىنى ئىسلام دۈشمەنلىرىدىن ۋە ياتلاردىن ئۆگىنىش بۇلارنى ئويغا سالمامدىغاندۇ؟ !ماڭا دىنىم، ئېتىقادىم، تارىخىم ۋە مەدەنىيىتىمنى ئۆگىتىۋاتقان كىم؟ توغرا ئۆگىتىۋاتامدۇ ياكى بۇرمىلاۋاتامدۇ؟ دېگەننى ئويلىمايدىغان ئاتالمىش زىيالىلارغا نېمە دېگۈلۈك !

تېخى بۇلارنىڭ ياتلار تەرەققىپەرۋەر دىنىمىز توغرىسىدا نېمە دەپ ئىغۋا تارقاتقان بولسا، شۇنى تەكشۈرۈپ باقماي ئۆز ئەينى تەشۋىق قىلىپ جەمىيەت ۋە ياشلارنى زەھەرلىشى ئادەمنى تېخىمۇ ھەيرانغا سالىدۇ...!

## خاتىمە ئورنىدا

ئەسلى ۋە نەسىبى نامەلۇم بولغان بۇ شەخس قۇددۇسنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىنى قوربان بېرىش ئىرادىسى، ئۇنىڭ" خىرىستىيان دىنىنى دۆلەتنىڭ دىنى "قىلىپ ئىلان قىلىش ئارزۇسىنىڭ راستلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك .ئۇنىڭ سۈرىيە، پەلەستىن، بالقان ۋە ئەزەربەيجاندا مۇسۇلمانلارغا قىلغان

ئارقمۇ ـ ئارقا خىيانەتلىرى، ئانازۇلغا ئۆمەك قىلىپ ئەۋەتكەن سۇلتان ۋەھىدگە قارىشى ئىنقىلاپ قوزغىشى، ئىنگىلىزلارنىڭ ئۇنى مىللى قەھرىمان قىلىش ئۈچۈن خىيالى ھادىسلەرنى ياساپ چىقىشى، ئۇنىڭ ئىسلامنى رەت قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا رەزىللىكنى نەشىر قىلىشى ...بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلىقنى داۋا قىلىدىغان بىر ئادەم قىلغان.ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلىشتا مۇستەملىكچى ئەنگىلىيە دۆچ كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ئوندىن بىرىگە دۆج كەلمىگەن ! قانداقمۇ شۇنداق قىلالىغاندۇ...!

ئىتتىپاق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى شەھەرلەرگە ھاكىم بولىۋالغان چاغدا، ئىتالىيەلىك كونت"ئوستۇرلىغ"نى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلىگەن، چۈنكى ئۇ تۈركلەرگە قارىغاندا بەك بىلىمدارمىش31.ئىستانبولدا ئۇسۇلى فىقھى)قانۇنشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسلىرى ئىلمى(نى بىلىدىغان بىرەر ئالىم تېپىلمىغانمىدۇ!

سۇلتان) ۋەھىددىن ئالتە (مۇستاپا كامالغا بەك ياخشى گومان قىلغاچقا ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانىنى كامالچىلار ئالدىدا چېكىنىشكە بۇيرۇغان32 .سۇلتان ۋەھىددىن ئىنگىلىزلارنى مۇستاپا كامال بىلەن ئەپلەمەكچى بولغان، لېكىن ئىنگىلىزلار سۇلتاننى ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىۋەتكەن33.

ئادەمنى ھەيرانلىق باسىدۇ، بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قانداقمۇ مۇستاپا كامالدەك ئوسمانلار قوماندانىنىڭ ئالدىدا مەغلۇب بولسۇن !مۇستاپا كامال ئىمكانىيەت كۆپ پەلەستىندىكى چاغدا ئىنگىلىزلار ئالدىدا مەغلۇب بولغان ئەمەسمىدى !ئۇ ئەرەب ئەللىرىنى پارچىلاش، ئەرەبلەر زىمىنغا يەھۇدىلار قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش، ھىندىستاندىكى ئىسلام تۈيغۇسىنى تۇنجۇقتۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك بەلگىسى بولغان خەلىپىلىك

روھى ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا ئەنگىلىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىۋاتقان ئىدى34.

بىچارە تۈركىيە دۆلىتى ھازىر ئۆزى بۇرۇن ۋاز كەچكەن شەرققە تەۋە ئەمەس ياكى ھەممە قىممەتلىك نەرسلىرىدىن ۋاز كەچسىمۇ ئېرىشەلمەيۋاتقان غەربكە تەۋە ئەمەس، ئىككى قىتئە ئارىسىدا بۆلۈنۈپ يالغۇز يېتىمسىراپ قېلىپ قالدى ...

ـ 2002يىلى ئېلان قىلىنغان مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا تۈركىيەنىڭ تاشقى قەرزى 134مىليارت دوللارغا يېتىپ قالغان.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىدىكى ـ دىيارىمىزدىن تارتىپ ـ ئىلمانىزمچىلار مۇستاپا كامالنىڭ يولى بويىچە تەپەككۇر قىلىۋاتىدۇ ...خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى چۆرۈپ تاشلاۋاتىدۇ...

" مۇستاپا كامالدىن كېيىن تۈركىيەگە ھەققى كىم ھاكىملىق قىلىۋاتىدۇ ۋە ھازىرچۇ؟"دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى ماقالىمىزنى ئۈچىنجى قىسمىدىن كۆرگەيسىز!

---

پايدىلانغان مەنبەلەر:

" ـ (1)بۆت ئادەم ـ 346 "بەت.

ـ (2)ئەلى ھەسسۇننىڭ":ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى"، ـ 328بېتىگە قاراڭ.

" ـ (3)بۆت ئادەم"، ـ 329بەت.

ـ (4)ئەلى ھەسسۇننىڭ":ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى"، ـ 333بەت.

ـ 5شەيخۇل ئىسلام مۇستاپا سەبرىنىڭ" ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ يىمىرلىشىدىكى يوشۇرۇن سىرلار "نامىلىق كىتاۋىنىڭ، ـ 238بېتىگە قاراڭ .بۇ كىتابنى دوكتۇر مۇستاپا ھىلمى تەھقىقلىغان.

ـ 6يوقىرىقى مەنبە، ـ 251بەت.

" ـ 7بۇت ئادەم ـ 443 "بەت.

ـ 8مۇستاپا سەبرى"يوشۇشۇرۇن سىرلار"، ـ 327بەت.

" ـ 9بۇت ئادەم ـ 434 ـ 363 "بەتلەر.

## )مۇستاپا كامالنىڭ قىسقىچە تارىخى (دېگەن ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن تۇغۇلغان مۇلاھىزىلەر

ھەر قانداق ماقالىنى ئوقۇغاندا، دەسلەپتە ماقالىنىڭ نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنى بىلىش كېرەك، شۇنداق بولغاندا ماقالىگە ئىلمى باھا بەرگىلى ۋە تېمىنىڭ ھالقىلىق نوقتىلىرىدا ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزگىلى بولىدۇ .مەن مۇستاپا كامال توغرىسىدا يېزىلغان بۇ بىر قانچە ماقالىنى ئوقۇپ تۆۋەندىكىدەك ئۇقۇمغا ئىگە بولدۇم.

1.ماقالىنى يازغۇچى تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جىدەل پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان .ماقالىدە تۈرك خەلقى تەنقىتلەنگەن سۆز ياكى ئابزاسنى ئۇچراتمىدىم، ماقالە پەقەت مۇستاپا كامال ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى ئۈستىدە توختالغان .ئۇنداقتا ئاپتور مەقسەت قىلمىغان نوقتىنى سۆرەپ چىقىپ ماقالىنىڭ مەقسىتىنى بۇراش تەپەككۇردىكى ئاجىزلىق.

مۇستاپا كامالغا ئوخشاش بىر شەخس باشقا تۈركلەردىن سىرت تۈركىيە تۈركلىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇ كامالىزىم ئىدىيىسىنى خەلققە تاڭغان مۇستەبىد زالىم، ھايات ۋاقتىدا كامالىزىمنى تەنقىد قىلغانلارنى ياكى ئۇنىڭ پرىنسىپىگە قارشى مەيداندا تۇرغانلارنى ئېغىر جازالىغان .تۈرك مۇتەپەككۇرى سەئىد نۇرىسى بۇنىڭ بىر تېپىك مىسالىدۇر .ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يېتشتۈرگەن

ئەگەشكۆچىلىرى" دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىش "دېگەنىنىڭ ئورنىغا"مۇستاپا كامال پرىنسىپلىرىنى ھىمايە "قىلىش سىياستىنى قورال كۆچىگە تايىنىپ يۈرگۈزگەن.

دېمەك، مۇستاپا كامال ئۆچىغا چىققان مۇستەبىدلىك بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن .ئۇنداقتا ئۇنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ سانى 10% ئاشماسلىقى مۇمكىن .ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە داھى ماۋنىڭ سۈرەتلىرى دەرۋازىلارغا مەجبۇرى چاپلانغان، ئۇنى ياخشى كۆرۈش ۋە مەدھىلەش خەلققە مەجبۇرى تېڭىلغان، ئۆلۈمى ئۈچۈن يىغلاشقا زورلانغان .ئومۇمى خەلق ئامىسى مۇتلەق كۆپ ساندا مەجبۇرى بېسىم ئاستىدا شۇنداق قىلىشقا زورلانغان.

شۇنىڭغا ئوخشاش مۇستاپا كامال پرىنسىپلىرىنى خەلققە مەجبۇرى تاڭغان ۋە بىر قىسىم ئەۋلاتلارنى يېتۈشتۈرگەن.

2.مېنىڭچە ئاپتور مۇستاپا كامالنىڭ بارلىق جەريانىنى ئوتتۇرغا قويۇش ئارقىلىق مۇستاپا كامالنىڭ ئىدىيىسىنى يەنى كامالىزمنى تەنقىد قىلغان . كامالىزمنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن مۇستاپا كامالنىڭ سالاھىيتىنى ياخشى بىلىش كېرەك ئەلۋەتتە.

ئاپتور ماقالىسىدە كامالىزم يەنى مۇستاپا كامالنىڭ تۇتقان يولىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، شۇڭا كۆنلەرنىڭ بېرىدە مۇستاپا كامالنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ دىيارىمىزغا قەدەم بېسىپ كىرىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئۇ ئىدىيەنىڭ ئارقا كۆرنىشىنى ئېچىپ تاشلىغان.

ئەلۋەتتە خەلق ئىچىدە مۇستاپا كامالغا چوقۇنىدىغان ياشلار يوق ئەمەس، شۇنداقلارغا پۇرسەت كېلىپ قالسا كامالنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىشنى ئويلاپ

مېڭۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس .مېنىڭچە مۇشۇ سەۋەبتىن ماقالە ئىگىسى مۇستاپا كامالنىڭ سالاھىيتىنى ئۆتتۈرغا قويۇش ئارقىلىق ئۇ تۇتۇپ ماڭغان يولنىڭ دىيارىمىزغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

3. ئىسلامى نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تۈرك ۋە ئەرەبنىڭ بىرلىشىشى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىش، تۈرك كۈچلۈك بولسا مىللى جەھەتتىن بىر مىللەت بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇيغۇرلاغا ئەلۋەتتە پايدىسى يېتىدۇ، ئەرەب)مۇسۇلمانلار (كۈچلۈك بولسا دىندا ئورتاق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن يەنىلا ئۇيغۇرلارغا پايدىسى يېتىدۇ .بۇ يوقالماس ھەقىقەت، شۇڭا ئاپتور مۇستاپا كامالغا بىرىنجى بولۇپ ئىسلامى نوقتىنەزەردە تۇرۇپ باھا بەرگەن .باھا بەرگەندە ئەرەب مەيدانىدا تۇرۇپ باھا بەرمىگەن بەلكى ئۇيغۇر مۇسۇلمان مەيدانىدا تۇرۇپ باھا بەرگەن.

4.بەزىلەر ئاپتور تايانغان مەنبەلەرگە شەك نەزىرى بىلەن قارىغان، ھەم بۇ قاراشلار تۈركلەرگە قارىشى بەزى ئەرەبلەرنىڭ قارىشى بولىشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلغان .بۇمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر قاراش، چۈنكى ئەرەبلەر يەنى مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلار ئىسلامنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ئۆرۈپ تاشلىغان مۇستاپا كامالنى تەنقىت قىلغانلىقى قانداقتۇر پۈتۈن تۈرك خەلقىنى تەنقىت قىلغانلىق بولمايدۇ . ئەجەبا تۈرلۈك تەتقىقاتلىرىمىزدا غەرەزلىك تارىخىمىزنى بۇرمىلايدىغان ۋاڭلارنىڭ تارىخىغا تايىنىمىز، شۇنداقلا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۆز ئىدىيىسىنى ۋە پرىنسىپىنى تېڭىشنى مەقسەت قىلىدىغان خىروشوفلار ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ ماتىرىياللىرىغا تايىنىۋاتىمىز .ئەجەبا ئىسلام ئەقلى بىلەن يېزىلغان تارىخى مەنبەلەرگە تايىنىش خاتامۇ؟ مۇستاپا كامالدەك ئۆزىنى ئىسلام تونىغا ئورىۋالغان كۆلرەك بۆرىنى ئىسلام ئۆلچىمىگە ئاساسەن باھا بېرىش خاتامۇ؟ ياكى ئۇنىڭ

ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشتا مۇستەملىكە كۈچلىرىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى مەدھىلەپ يازغان غەربلىك تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە تايىنىش كېرەكمىدى؟!

ئەرەب مۇتەپەككۇر تارىخچىلىرىنىڭ مۇستاپا كامالنى تەنقىت قىلىشى ۋە ئۇ توغرىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشى ئەرەبلەرنىڭ رەئىسلىرى ياخشى ئىدى دېگەنلىك بولمايدۇ .مېنىڭچە شۇ ئاپتورلار ھازىرقى مۇستەبىد ۋە دېكتاتۇر ئەرەب ھاكىملىرىنى ھەرگىزمۇ ياخشى دەپ قارىمايدۇ .لېكىن ئۇلار ئىسلامى نوقتىدا تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىق كېسىلىنى تارىخى نوقتىدىن تەكشۈرگەن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ئامىلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن .ئاپتورمۇ ماقالىسىدە مۇشۇ نوقتىلارنى ئەسكەرتكەن.

ئۇنداقتا بىزمۇ ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ ھېساپلىساق، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار بىرلىكىنىڭ تۈگۈنى بولغان ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولى بىلەن يىقىتىپ تاشلىغان مۇستاپا كامالغا بىرىنجى بولۇپ مۇسۇلمانلىق ئۆلچىمىمىز بىلەن باھا بېرەيلى.

5.تۈركىيە تەرەققى قىلدى دەپ قارايمىز .لېكىن قانچىلىك تەرەققى قىلدى؟ ـ 50 يىللىرى مۇستەقىل بولغان مالايسىيەنىڭ تەرەققىياتىدىن قانچىلىك پەرقى بار؟ ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشدا ۋەيران بولغان ياپۇنىيە ۋە گىرمانىيەگە سېلىشتۇرغاندا تۈركىيە قانجىنجى ئورۇندا تۇرىدۇ؟

مۇستاپا كامال تۈرك خەلقىنى قەدىمى مىراسىدىن، مەدەنىيىتىدىن ۋە كىملىكىدىن ئايرىۋەتتى، تۈركىيەنىڭ 80 يىللىق شان ـ شەرىپى قانچىلىك؟ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى بىر قانچە ئەسىر يېتەكلەپ ماڭغان شەرىپى قانچىلىك؟

مەسىلەن، بىز ئۇيغۇرلار بىر ئەسىرنىڭ ئالدىغا قارىغاندا ئازراق تەرەققى قىلدۇق، ئېتىقادىمىز ئۆزگەرگىلى تۇردى، سالاھىيىتىمىزنى يوقاتقىلى تۇردۇق، ئادەتلىرىمىز

ۋە ئىستىلىمىز شاڭخەيلىشىشكە قەدەم قويىدى، تارىخىمىز ئەبجەش بىر نەرسىگە ئايلاندى، مەدەنىيىتىمىز يوقالغىلى تۇردى .......دېمەك، تەتۈر تەرەققى قىلدۇق...

بىز ئۇيغۇرلار باشقا ئەللەرگە ھازىرقى ئازراق ئاتېزىم ۋە ئىلمانىزم مەدەنىيىتى بىلەن تونۇلامدۇق ياكى مەھمۇد قەشقىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەدەنىيىتى بىلەنمۇ؟ ھازىرقى قەدەمدە تەرەققى قىلغىلى تۇرساق يەنە 20 ياكى 30 يىللاردىن كېيىن نېمە بىلەن تونۇلىمىز؟

مىللى سالاھىيەت ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىممۇ ياكى يېڭىچە كېيىم ـ كىچەك ۋە دىسكو مەدەنىيىتى مۇھىممۇ؟

6.مېنىڭ بىلىشمچە ئىسلام بىلەن مىللەتچىلىك بىر بىرىگە ھەرگىز زىت ئەمەس، ئۇ ئىككىسى بىر بىرىگە زىت دەپ قارايدىغانلارنىڭ چۈشەنچىسى توغرا ئەمەس . ئىسلام چەتكە قېقىلمىغان مىللەتچىلىك قارشى ئېلىنىدۇ!

دېمەك، ئاپتور مەزكۇر ماقالىسى ئارقىلىق كامالىزىم پرىنسىپلىرىنىڭ خاتالىقىنى ۋە بىزگە پەقەت ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرماقچى بولغان .مانا بۇ مېنىڭ مەزكۇر ماقالىدىن چۈشەنگەن بەزى مۇلاھىزىلىرىم، خاتا بولۇپ قالغان بولسا تۈزۈتۈپ قويىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.